



لی جیەن بو فوتوسی

# جۇڭگو كوممۇنىستىك
# پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70
# يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

## جۇڭگو كوممۇنىستىك
## پارتىيىسى بولمىغان بولسا،
## يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى!

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1991 - يىل 4 - سان


## مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| سەيپىدىن ئەزىزى | ئاستانە ئىلھاملىرى .................................... | 9 |
| تۆمۈر داۋامەت | غالىب يىللارغا .................................... | 12 |
| ئەخمەت ئابدۇللا | ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى ..................(ماقالە) | 1[illegible] |
| سەنەۋەر ئۆمەر | ئۇ ـ تىنىم تاپماس كوممۇنىست......(ئەدەبىي ئاخبارات) | 13 |
| ئەركىن نۇر | سەمەندەر ..........................(ئەدەبىي ئاخبارات) | 19 |
| ئابلىكىم باقى | يۇمشاق ئالتۇن مەستانىسى ........(ئەدەبىي ئاخبارات) | 29 |
| پولات ھېۋزۇللا | تۆھپە ئۈچمەيدۇ ....................(ئەدەبىي ئاخبارات) | 41 |
| ھەبىبۇللا مۇھەممەت | مىننەتسىز ئەجىر، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ...(ئەدەبىي ئاخبارات) | 49 |
| شۈي زېيەلىڭ | مۇقەددەس ئوت ....................(ئەدەبىي ئاخبارات) | 55 |
| | ھەبىبۇللا رېقىپ تەرجىمىسى | |
| جۇجياڭ | ئاددىي ئەمگەكچى ....................(ئەدەبىي ئاخبارات) | 103 |
| | پولات ئابلىز تەرجىمىسى | |
| ماخمۇتجان ئىسلام | ئىككى شېئىر .................................... | 72 |
| تۇرسۇن قۇربان | ئېھ، سۆيۈملۈك پارتىيە ....................(شېئىر) | 75 |
| مامۇت زايىت | تارىمنىڭ باھارى ....................(شېئىر) | 77 |
| تۇرسۇن مەگلىك | مۇبارەك كومپارتىيە ....................(شېئىر) | 79 |
| ئابدۇقادىر مۇھەممەت | بەختىخان ....................(ھېكايە) | 81 |
| مۇھەممەت روزى | تەشەككۈر ....................(ھېكايە) | 90 |
| نىجات يۈسۈپ | ئاچقۇچ ....................(ھېكايە) | 94 |
| مۇھەممەت جېلىل | شەرت ھەققىدە پاراڭ ....................(ھېكايە) | 99 |
| پاۋ. زېلېژىتسكوۋ | ئىنتېرناتسىئونال ....................(ھېكايە) | 101 |
| | مۇرات مەتنىياز تەرجىمىسى | |
| مەتىمىن بارى | بىر ئۆمۈر كۈيلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ ....................(شېئىر) | 111 |
| ئابدۇسەمەت خېلىل | ئىككى شېئىر .................................... | 112 |
| مۇھەممەت نىيازى | ئىككى ناخشا .................................... | 112 |
| ھەبىبۇللا ئوسمان | سۆيۈملۈك پارتىيە ـ قىبلىگاھىمسەن ....................(شېئىر) | 113 |

زۇنۇن رەھىم    ئۈزۈمگە خىتاب ........................ (شېئىر) 114
ھەسەن ئىمىنۋالدى    پارتىيە ئاتام ........................ (شېئىر) 114
غوپۇر ئەۋرا    مېھرى بۇلاق پارتىيە ........................ (شېئىر) 115
تۇراپ دايىم    بولغاچ ئۇلۇغ پارتىيە ........................ (شېئىر) 115
ئەنۋەر ئابلەت شەيدائىي    كومپارتىيە باشپاناھ ........................ (شېئىر) 116
مۇسا ئەھەت    قولۇمدا ئەقىدەڭ تۇتقۇزغان بايراق ........................ (شېئىر) 117
خۇرشىدە ئابلىمىت    پارتىيە مېھرى ........................ (شېئىر) 117
غەنى رەشىد    كوممۇنىست ........................ (شېئىر) 118
ئابدۇكېرىم ئابدۇمىجىت غەزەللەر ........................ 118
مەلىك كېرىم    پارتىيەم مەن سېنىڭ سادىق ئوغلۇڭمەن ........................ (شېئىر) 119
ئىلھام ئاتاۋۇللا    كوممۇنىستمەن ........................ (شېئىر) 120
ئۆمەر مەتنۇرى    پارتىيەم سەن قۇياش، ئىللىق نۇر سابا ........................ (شېئىر) 120
ئابلىز ھەسەن    پارتىيەمگە ........................ (شېئىر) 120
ئابدۇلئەھەت ھەسەن    نامىڭ ئۇلۇغۋار ........................ (شېئىر) 121
قەھرىمان روزى    ئۈچ شېئىر ........................ 121
ئالىم ياۋا    پارتىيە شەنىگە ........................ (شېئىر) 122
ئەمەتجان قۇربان    سەن بەخت شاھىسەن ئانا پارتىيەم ........................ (شېئىر) 122
تۇرغۇن ئىمىن    مۇبارەك پارتىيەم شانلىق تويۇڭغا ........................ (شېئىر) 123
مۇھەممەت مۇسا    ئىككى شېئىر ........................ 123
ئابدۇرېشىت نىيازى    كومپارتىيە شەنىگە ........................ (شېئىر) 124
قاسىم ھاپىز    پارتىيىمىنىڭ شەپقىتى ........................ (شېئىر) 125

مۇقاۋا 1 - بەتتىكى شوئارەتنى نىياز كېرىم ئىشلىگەن. تۇردى ئېلى تارتقان.

تىتولدىكى ھۆسن خەتنى ھوشۇر ئېلى يازغان.

**تەڭرىتاغ بالىلار ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىكى**

مەسەللەر ........................ ھەسەن ئىمىنۋالدى
مەسەللەر ........................ ئابابەكرى ئەمەت
پوزىنى قوزا قىلىش (چۆچەك) ........................ ئوسمان قادىر
دادا توختاپ تۇرۇڭ (ھېكايە) ........................ پەرھات ياسىن
بالىلارغا ئەڭ يېقىن يۈرەك (شېئىر) ........................ ئەخمەتجان ئوسمان
كېپىنەك، گۈل ۋە مەن (نەسر) ........................ ئايىم ئابدۇرېھىم

ئۇيۇشتۇرغان ماقالە

# ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ئەخمەت ئابدۇللا

بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت
قىلىدۇ. بۇ — ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تەۋرەنمەس يۆنىلىشى ھەمدە ئەدەبىيات-
سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت-
نىڭ يۆنىلىشىنى مۇشۇنداق ئېنىق بەلگىلەش — بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئۈنۈم-
لۈك قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، يېڭى تارىخىي دەۋردە
ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش
تەلىپىنى زور دەرىجىدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىز دېموكراتىك ئىنقىلاب
دەۋرىدە ئىنقىلابىي ئىشلارنى ئۇزۇل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، قورال-
لىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە بىرلىكسەپتىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتەرگە تايى-
نىپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى ئىلمىي
نەزەرىيىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ،
ئەمەلىي كۈرەش جەريانىدا ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەر، زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق
ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدى-
يىسىنى يارىتىپ، دېموكراتىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىل-
دۇرۇش بىلەن خەلقنى تەربىيىلەپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم ئىدې-
ئولوگىيە بازىلىرىغا بوسۇپ كىرىپ، دۈشمەننى پارچىلاپ زەربە بېرىپ، بۈگۈنكى
سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك مىسلىسىز ئىنقىلاب نەتى-
جىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى.
بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئىسلا-
ھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك ماددىي

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى، يەنە بىر قولدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يولداش جياڭ زېمىن جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا «مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى — تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككە بولمىغان مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز خۇددى سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا ئوخشاش سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بازىسىنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنى قۇرغۇچى روھىي ئىنژېنېرلاردۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن 1991 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى مەشھۇر زاتلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە: «ئېلىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش — دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئومۇملۇقى. ھەر قايسى سەپلەر، تارماقلار، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى يولداشلارمۇ بۇ ئومۇملۇققا ئاڭلىق بويسۇنۇشى ۋە مۇشۇ ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم ... سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى ... مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئامما ئارىسىغا، تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ۋەتىنىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلىپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىز، ئۇلۇغ مىللىتىمىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا مەنىۋى مەدەنىيەت جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقىدا بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتىمىز دۆلەت ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئىدارە قىلىش ئىرادىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولۇپ، مۇئەييەن سوتسىيالىستىك ماددىي، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان مەنپەئەت ۋە ئېھتىياجىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى بىزگە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي رېئاللىقى ھەمدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پرىنسىپلىرى، ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توپ سىياسەت ۋە يۆنىلىشنى بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش»، «ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش»، «جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، مىللىيلاشتۇرۇش يولىدا چىڭ تۇرۇپ، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈش»، «قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن ئىشلىتىش»، «چەتئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن ئىشلىتىش» فاڭجېنىنى بارلىققا كەلتۈردى. دېمەك، بۇ سىياسەت، فاڭجېنلار 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىنجابىي، سەلبىي تەرەپلىرىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر.

ئۇنداق بولسا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن نېمە؟ ئۇ، بىز ئۈچۈم دۈشمەن ئۇنسۇرلاردىن باشقا بارلىق خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، كەڭ ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر، زىيالىيلار، كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئالدى بىلەن ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر، زىيالىيلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر.

سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەنلىك — سوتسىيالىستىك ھەر ساھە ئىشلىرىمىزنىڭ توپ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ھازىرقى كۈندە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىككى ئۈچۈن» خىزمەت قىلدۇرۇش — ماھىيەتتە ئەدەبىيات - سەنئەتنى «مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن» خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆتكەندىكى تارىخىي ۋەزىپىلەرنىڭ خاراكتېرىگە قارىماي، نوقۇل ھالدا قانداقتۇر «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مۇئەييەن سىنىپىي كۆرەشنى ئەكس ئەتتۈرۈش»، «سىياسىي ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىش» دېگەندەك، ئىنتايىن «سول» نەرسىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىلغار ئىدېئولوگىيىسى بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ، ئىسلاھاتىمىزنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى «ئىككى ئۈچۈن» خىزمەت قىلدۇرۇش — ئەدىب،

يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىزغا زامانىمىز بەخش ئەتكەن ھەرىكەت مىزانى بولۇپ، ئۇ بىزگە دەۋرگە يۈزلىنىش، خەلققە يۈزلىنىش، خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت ئانىمىزدىن ئايرىلماي، قايناق، ئوتتەك خەلق تۇرمۇشىغا يۈزلىنىش، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيە، ئىش - ئىزلىرىنىڭ سادىق سۆزلىگۈچىلىرىدىن، كۈيلىگۈچىلىرىدىن بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

پارتىيىمىز ئون يىلدىن بۇيان زىيالىيلار سىياسىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، زىيالىيلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇڭا كەڭ زىيالىيلار جۈملىدىن شائىر، يازغۇچىلىرىمىز بىردەك ئىنتىلىپ قىلىشىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋرىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى. كەڭ كىتابخانلار — خەلق ئاممىسى، ياشلار، ئوقۇغۇچىلار، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرى مەنىۋى مەھسۇلاتلاردىن بەھر ئالغۇچى، ھوزۇرلانغۇچى ئىستېمالچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەدىبلىرىمىزگە دەۋر ئېقىمىغا خاس يۇقىرى سەۋىيىلىك ئاممىباب، ساغلام مەنىۋى ئوزۇق بېرىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزى ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ بولغاچقا، رېئال جەمئىيەتتىن، تارىختىن چەتنىمەسلىك كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرگىزمۇ بىر تەرەپلىمە ھالدا «كۆڭۈل ئېچىش» نىڭ قورالى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەر قانداق باشقا ساھەلەر ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان رول ئويناپ، كىشىلەرنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلەر روھىي دۇنياسىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭا بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئۆز خاھىشىغا قويۇۋېتىدىغان قىلىقلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا، سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولۇشتەك ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

ئۆتكەن ئون يىلدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. دېمەك، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر قاتلاملىرىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى شۇنى ئۇنتۇپ قالالمايمىزكى، 1989 - يىلى يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق دەۋرىدە جاھانگىر مونوپول بۇرژۇئازىيە بىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىزدىن پايدىلىنىپ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» يۈرگۈزدى ھەمدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرگۈچى «سەرخىللار» نىڭ ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشىنى كۈچەپ تارقاتتى. شۇنىڭدەك پارتىيە رەھبەرلىكىگە سەل قاراش، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە سەل قاراش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ھېسسىياتىغا يامان تەسىر كۆرسىتىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك نەرسىلىرىنى تارقىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشىمىزگە، كىشىلەرنى كوممۇنىستىك ئىدىيە،

ئەخلاق، ئېتىقاد، ئىنتىزام بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىپ، كىشىلەرنى مەنىۋى تۈۋرۈكتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» نىڭ ئەسىرلىرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشقا ئۇرۇندى. بۇ بىر ئەمەلىيەت بولۇپ، ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت بۇ بازىنى پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئىگىلىمىسە، بۇرژۇئازىيە ئىگىلەيدۇ، ھەرگىزمۇ ئوتتۇرا يول يوق! شۇڭا بىز بۇ جەددىي رېئاللىق ئالدىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پۈتكۈل خەلق ئاممىسىنى ئىلھاملاندۇرۇش، تەسىرلەندۈرۈش رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى كۈيلىشىمىز لازىم.

ئاساسىي ئېقىم دېگەن نېمە؟ بۇ — تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغان، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمييۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق بولغان، كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن كۆچىنىپ ئىشلەشكە، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا، ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىشكە يېتەكلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بۈگۈنكى ئەھۋالدا، ئەدىبلىرىمىز يازغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر روھىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ بىرلىكى ۋە سۈپىتىگە باغلىق. قويۇق بەدىئىي پۇراققا ئىگە بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ھەر قانچە ساغلام، ئىلغار بولغان بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىجادىيەتتە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىمىز، بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم سۈپەت ئۆلچىمىدۇر. ئاپتورلىرىمىز تېمىسى، مەزمۇنى يېڭى ئەسەرلەرنى يازغاندا ئەگەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى ۋە تەلەپى بويىچە يازماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەسەرنىڭ مەزمۇن ئۆلچىمىنى تۇتۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۆلچىمى ۋە تاۋلىنىشى بىلەن كارى بولمىسا، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك، مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجى، ئىستېتىك تەلەپى بىلەن ھېسابلاشمىسا، ئۇ چاغدا بۇ يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ كەملىكى بولىدۇ. بۇ خۇددى دوختۇرنىڭ دورا رېتسېپى يېزىپ بېرىپلا، دورا يېگۈچىنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغاندەك ئىش بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزگە ئېنىق قىلىپ: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى باشتىن - ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە - كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىل، تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىشىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى مەنىۋى پائالىيەتلىرىمىز جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى تەكىتلەشتە قاندىقتۇر «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدۇ» ئەمەس، ئەكسىچە ئەگەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتىن ئايرىلسا، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز قارشى تۇرۇش ـ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە ھەمدە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ كەڭ ئىجادىيەت مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ۋە ئەدىبلىرىمىزنى داغدام يول ئېچىلىشقا ئىگە قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە راۋاجلىنىپ، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ، خەلقنى ھۇزۇرلاندۇرالايدۇ ۋە گۈللەپ ـ ياشنالايدۇ.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىلگەن تەرەققىيات تارىخىي دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىز ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنى كەمسىتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى، ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرىنى مەسخىرە قىلماسلىقىمىز، چەت ئەللەردىكىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماسلىقىمىز، بەلكى سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى يېڭىلاش ۋە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا پايدىلىق بولىدىكەن، بىز ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. بىزگە مەلۇم، دۇنيادا سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت، سىنىپتىن تاشقىرى سەنئەت مەۋجۇت ئەمەس؛ ئوخشاشلا سەۋەبسىز مۇھەببەت ۋە نەپرەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇرژۇئازىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پرولېتارىيات ۋە ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى چەكلەيدۇ، ئوخشاشلا پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ بۇرژۇئازىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى چەكلەيدۇ. چۈنكى ئەدەبىياتمۇ بىر خىل ئىدېئولوگىيە ئەلۋەتتە.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ كوممۇنىستىك ئومۇملۇق ئىدىيىسىنى تەكىتلەيدۇ. ئەكسىچە بۇرژۇئازىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كاپىتالىزم ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تەرغىب قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات يولى ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئەدىبلىرىمىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە ۋە پىرىنسىپلىرى، جۇملىدىن يولداش دېڭ شىياۋپىڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇپ،

يوتىلىشىنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلىتىمىز تۈپ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن ئەدەبىيات تېمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇنىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشىغا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

بىز پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان خۇشاللىق كۈنلەردە تەڭرىتاغ ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر نەچچە يىللىق تىرىشىپ ئىگىلىك ياراتقان ھاياتىنى راستچىللىق بىلەن ئەسلىگىنىمىزدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچى رايونىدىكى كەڭ ئەدىب ۋە شائىرلىرىمىزغا مەنىۋى ماھارەت زېمىنى ھازىرلاپ، ژۇرنىلىمىز ئەتراپىدىكى قەلەمكەشلىرىمىز ۋە كەڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ھەۋەسكارلىرىمىز كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شىجائەت بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كەڭ سورۇنىنى ئېچىپ، خەلققە سوتسىيالىستىك يېڭى تېمىلاردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي خۇسۇسىيەت، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە نۇرغۇن شېئىر، نەسر، ھېكايە، پوۋېست، ئوبزور قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىپ، سوتسىيالىزمنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ باغۋەنلىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان پېشقەدەملىرىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ تەرەققىيات يولىدا پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ياردەملەرنى بەردى. بىز ئۇلارغا قىزغىن تەشەككۈر ئېيتىمىز. بىز شۇنى خۇشاللىق بىلەن كۆرمەكتىمىزكى، ژۇرنىلىمىز ئەتراپىغا يېڭى بىر ئەۋلاد ياش، ئوتتۇرا ياش ئاپتورلار قوشۇنى، يازغۇچىلار قوشۇنى ئۇيۇشۇپ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. بىز ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ۋە دۇنياۋى ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، يۈكسەك تىرىشچانلىق، كۈچلۈك رىقابەت ئېڭىغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە ئاپتورلىرىمىزغا ئىلھام بېرىپ، ئۆز سەھىپىلىرىدە بىر مۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. دېمەك، ئەدەبىي ئەسەر بولمىسا ئوبزورچىلىق ئىشلىرىمۇ بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئوبزورچىلىق بولمايدىكەن، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئوبزورچىلىرىمىز بولسا مەلۇم بىر ئەسەرنى كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلىمىلىك تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، يېتەكلەش رولىنى ئويناپ، ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى، قىممىتىنى يۇقىرى

كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئوبزورچىلىق سەھىپىلىرىگە ماقالە تەقدىم قىلغان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!

بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئاز بىر قىسىم قەلەمكەشلىرىمىزدە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش مەسىلىسىگە ياتىدىغان ئىدىيىۋى تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىنمۇ ياكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېنىق يۆنىلىشىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىدىنمۇ ياكى دەۋر روھى، دەۋر ئېقىمىنى ئىپادىلەشتە نېمىنى قانداق يېزىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ يېتەرلىك بولمايۋاتقانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر قانداقتۇ رېئال تېمىلاردىن، دەۋر روھىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن، يېڭى ئادەملەرنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى يېزىشتىن، ئىسلاھات تېمىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك ئەھۋاللار بار. يەنە بەزىلەر ئىشقى - مۇھەببەت «ئۆلمەس تېما» دەپ قاراپ، بىر تەرەپلىمە، ئىنتايىن تۇتۇق، ھەتتا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى يازماقتا. بىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن سۆز ھەرگىزمۇ قېلىپلاشقان شوئار ئەمەس، بەلكى ئۇ خەلق ۋە سوتسىيالىزم دېگەن ئۇقۇمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئەدىب - سەنئەتكارلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىسلاھاتنىڭ پارلاق مېۋىلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەت شەكلى مەدھىيىلىشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئارقىلىق گۈللەپ - ياشنىماقتا. نۆۋەتتە، ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىپ بىرلىككە ئىنتىلىش، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتقا ئىنتىلىشتەك تارىخىي چوڭ ئومۇملۇق يۈزلىنىشىدە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە ئۈرۈمچى رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش نۆۋەتتە چوڭ ئومۇملۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدىبلىرىمىز، شائىر، يازغۇچىلىرىمىز مۇشۇ چوڭ ئومۇملۇقنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرى ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، شەھىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە ئەدەبىيات ئەدەبىياتتەك بولۇش كېرەك. لېكىن ئۇ يەنىلا رېئاللىقنىڭ يازغۇچى، شائىر قەلبىدىكى ھېسسىيات جۇغلانمىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىز يەنىلا دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، مىللىي ئۇسلۇب، ياشلار ئالاھىدىلىكى بويىچە يېڭى، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يازغاندىلا مەھسۇلاتلىرىمىز جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچى چەكسىز بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مېھرى - شەپقىتىدە ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇرچ ۋە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلالايمىز.

# ئاستانە ئىلھاملىرى

سەيپىدىن ئەزىزى

## ماۋجۇشى جەسىتى ئالدىدا

(نەسىر)

1990 - يىل، 26 - دېكابىر — ماۋجۇشى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 97 يىللىقى — سائەت 11 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەن چاغ.

خاتىرە سارىيىدا، ماۋجۇشى جەسىتى ئالدىدا ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇردىمەن.

پۈتۈن روھىي ھالىتىم، ھېسسىياتىم ماۋجۇشىنى سېغىنىش، مۇھەببەت بىلەن تولغان.

شۇ ھاياجان كەيپىياتى ئىچىدە مېڭەمدە تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئەكس ئەتتى:

— ئاھ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى، خاتىرجەم يېتىڭ!

— سىزنىڭ جەڭگىۋار ئىنقىلابىي روھىڭىز، خەلق ئۈچۈن يارىتقان باھاسىز تۆھپىڭىز خەلقىمىزنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئەبەدىل - ئەبەد مەڭگۈ ياشايدۇ.

«شەرق قىزاردى كۈن چىقتى،
جۇڭگودىن بىر ماۋزېدۇڭ چىقتى!»

شەنبېي دېھقانلىرىنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان بۇ يالقۇنلۇق سادا — جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى، ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن بۇ جاراڭلىق قوشاق خەلققە كۈچ - قۇدرەت ۋە ئىلھام بېرىپ كەلدى. كەلگۈسىدىمۇ جاسارەت ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ!

كېيىن يۇقىرى قارىسام سامادا قىپقىزىل چوغدىن ياسالغان ھەرپلەردىن تىزىلغان، ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغان جۈملىلەر پەيدا بولدى:

«ئاھ، ماۋزېدۇڭ، سىز:
— ماركسىنىڭ سادىق شاگىرتى!
— جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ لېنىنى!
— جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى!»

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ سۈكۈنات ئىچىدە ھۆرمەت بىلەن جەسەتكە يەنە باش ئەگدىم. ئاندىن ئارقامدا مۇڭلۇق ھېسسىيات بىلەن ياۋاش مېڭىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر قاتارىغا ئورۇن بەردىم.

بېيجىڭ 1990. 12. 26.

## ساما ناخشىسى

(شېئىر)

قوي شەھەردىن (1) پەلەككە شۇڭغۇدى ئۇچار،
گويا ئۇ كارامەت پالۋان لاچىن.

---

① قوي شەھەر — «ياڭچېڭ» — گۇاڭجۇ.

تېزلىكى مىنىڭ چاقىردىم، ئېگىزلىكى ئون مىڭ،
بىردەملىك ئۇنىڭغا چىنىۇ ھەم ماچىن.
چىۋەر ئۇچقۇچ قولىدا ئويناي‌دۇ رولى،
لاچىندەك بەگباشلىق قىلالماس يىراق.
ئەنە ئۇ بۇلۇتلار ئۈستىدە كېزىپ،
كۆزلەيدۇ بېيجىڭنى يىراقتىن - يىراق.
سەپسالدىم سامادىن جاھان يۈزىگە،
خۇش ئاۋاز ئىنسانلار، گۈلىستان باغلار؛
ۋە لېكىن دەۋراندىن پارتلىغان تۇتەك،
چاچماقتا باغلارغا قاتلاردىن داغلار.
قانخورلار ئالدىراپ كۆلمەكتە قۇتراپ،
ئاخىرى كىم كۈلەر؟ كۆزدە كۆردىمىز؛
جاللاتلار شۇ كەمدە بېرىدۇ جاۋاب،
بۇ بىزنىڭ ئىنتىقام - قەسەمىيادىمىز.
شەرق شامىلىنى غەرپ شامىلى باسالماس ھەرگىز،
چۈنكى ئۇ قۇياشنىڭ نۇرىدا كۈلگەن؛
بۇ شامال ئەسلىدە نۇر ئەمگەن غەربتىن،
شەرق قۇياشى نۇرىدا تاۋلىنىپ ئۆسكەن.

ئايروپىلاندا ·25 ·2 ·1991

## تۇغۇلغانلىقىمنىڭ 76 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

(شېئىر)

چارەك كەم بىر ئەسىر، يەنە بىر يىل،
بىر ئۆمۈر يولىدا ئاسان گەپ ئەمەس؛
روھىڭدا ئىرادە، جۈرئەت بولمىسا،
بۇ كۈرەش يولىنى باسىپىڭ تەس.

سېنىڭدە بولدىمۇ ئىرادە، جۈرئەت؟
ئەۋۋىلام ھېساب بەر ئۆزۈڭگە بوۋاي؛
ئۆمرۈڭنىڭ قىممىتى بولدى قانچىلىك؟
خالايىق ئالدىدا جاۋاب بەر بوۋاي.

سۈت بەرگەن، نان بەرگەن ئاتا - ئاناڭغا،
تۆلىدىڭ قانچىلىك قەرزىڭنى ئادا؟
سېنىڭدىن ئەزگۈلۈك ئۈمىدلەر كۈتكەن،
ئەجدادلار روھىدىن كەلدى نەسادا؟

خەلقىمنىڭ ئالدىدا، ئانام ئالدىدا،
جاۋابىم: يۈزۈم ئاق! يېتەرسىز بىراق؛
قەرزىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بىئارام،
ئارزۇ - ئارمانغا يېتىشتىن يىراق.

دوستلارغا - ئەۋلادقا ئېيتار سۆزۈم شۇ:
«ئۆمۈرنىڭ قەدرى ئالتۇندىن قىممەت؛
مەھكەم تۇت، ئاخىرى قىلمىغىن پۇشمان،
پەلىدگە يەتمەككە باغلا چىڭ نىيەت!»

بوۋاڭ يۈسۈپ سۆزىنى مەھكەم تۇت ئەستە،
بۇ ساڭا يولىڭدا تۇمار - تۇتىيا؛
«بويۇم ئەردى ئوقتەك، كۆڭۈل بولدى «يا»،
كۆڭۈل بولدى ئوقتەك بويۇم بولدى «يا»».

بېيجىڭ ·12 ·3 ·1991

# دوستلۇق رىشتى

(نەسىر)

بىر كونا دوستۇمنىڭ خېتىگە جاۋابەن خەت يازماق بولۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. بىراق، خەتنى قانداق باشلاشنى ئويلاپ توختاپ قالدىم.

ئۇنىڭ خېتىنى ئالغانلىقىمدىن باشلاش كېرەك-دە.

«خېتىڭىزنى» دەپ يېزىش كېرەكمۇ ياكى «خېتىڭنى» دەپ يېزىش كېرەكمۇ؟ يەنى «سىز» دەپ يازىمەنمۇ ياكى «سەن» دەپ يازىمەنمۇ؟

مېنىڭ مۇنداق سوئالغا دۇچ كەلگەنلىكىم سىزگە غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. «قىزىق گەپقۇ! ئاۋۋالدىن نېمە دەيدىغان بولساڭ، شۇنداق يېزىۋەرمەمسەن» دەرسىز بەلكى، گەپ مۇشۇ يەردە.

بىز ياشلىقىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ ئۆسكەن، بىللە ئوقۇغان، — بىللە جەڭ قىلغان، بىللە خىزمەت قىلغان، بىللە داۋانلار ئاشقان كونا سەپداش، سىرداش، مۇڭداش دوستلار تۇرساق، ئەللىك يىلدىن ئاشقان مۇشۇ كۆرەش يولىدا قەدىناسلىق ئالامىتى بولۇپ كەلگەن «سەن» نى تاشلىۋېتىشكە بولامدىكەن؟!

«ئۇنداق بولسا «سەن» دەپ يېزىۋەرمەمسەن» دەمسىز؟

ئۇغۇ شۇنداق، يېقىن زامانلاردىن بېرى دوستۇم مەن بىلەن سۆزلەشكەندە «سەن» دېمەي، «سىز» دېمەي ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. مەنمۇ «سەن» دەۋەردىم. ئەمما سۆزلەشكەندە قانداقتۇر ئوڭايسىزلىق بولىدىغان بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ سەۋەبى — مېنىڭ «مەنسىپىم» يۇقىرىراق بولغانلىقىدىنمۇ ياكى قېرىپ قالغانلىقىمدا (يەتمىش ياشتىن ئاشتۇق، مەن 3 — 4 ياش چوڭراق) ھۆرمەت قىلغانلىقىدىنمۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، قېرىغاندا ئۆزئارا تەكەللۇپ تىرەككە ئوخشايدۇ، دېدىم-دە، خەتنى «يولداش... خېتىڭىزنى ئالدىم...» دەپ باشلىدىم. لېكىن يەنە توختاپ قالدىم. «سىز» لەپ يازسام زادى ئەپلەشمەيدىغاندەك، كونا قەدىردانلىقىمىزغا نۇقسان يېتىدىغاندەك تۇردى.

خەتنى توختىتىپ، ئىشخانىدا بىر ئاز ئايلاندىم. «دادا» دەپ ئىشىكتىن دەلدۈگۈنۈپ كىرگەن بىر ياشلىق نەۋرەم بىلەن ئازراق ئوينىدىم. بىر ئازدىن كېيىن يۈتۈپ كەتكەن بىر ياخشى نەرسەمنى تېپىۋالغاندەك ھېس قىلدىم-دە، ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم:

«قەدىردان دوستۇم...، خېتىڭنى ئالدىم، — دەپ خۇشال كەيپىياتتا باشلىدىم، — ياخشى يېزىپسەن. ئۆتمۈشكە گۇۋاھ بولغان گۇۋاھچىلىقىڭنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپسەن. بۇ بىزنىڭ ۋە باشقا گۇۋاھچىلارنىڭ چوقۇم ئادا قىلىدىغان بۇرچىمىز...»

خەت يازغانچە مەنالىق ۋە راۋان مېڭىۋەردى. خەتنى «سالام بىلەن كونا دوستۇڭ س...» دەپ تۈگەتتىم.

سوئال يېشىلدى، كۆڭۈل تىندى.

جاپالىق كۈرەش يوللىرىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا چېنىققان، سىناقتىن ئۆتكەن قەدىردان دوستلۇقنىڭ سەممىي مۇھەببەت ئالامىتى بولغان «سەن» نى تاشلىۋەتكىلى بولمايدىكەن.

بېيجىڭ 18 .3 .1991

# غالىب يىللارغا

تۆمۈر داۋامەت

قۇتلۇقلاي تۇغۇلغان كۈنىڭدە ئانا،
مەن يەتمىش يېشىڭنى، تۇتۇپ پېشىڭنى.
پارتىيەم شۇ غالىب يىللىرىڭ ئۈچۈن،
قۇتلۇقلار تاڭدىكى قۇياشمۇ سېنى.

سەن بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئىدۇق،
يوقىلىپ مىڭ يىللىق ئېزىش، قايغۇ - دەرد.
سەن خەلق ئىجاتى - بەختى پاناھى،
سەن بىلەن شەرقتە بىز كۆتۈرگەن قەد.

سەن بىلەن نامايان بولدى ئەقلىمىز،
ئۇرغۇدى جاسارەت، غەيرەت قايىنىغان.
بايرىقىڭ كۆرسەتتى بىزگە توغرا يول،
بوراندا، يامغۇردا ئوخشاش پارلىغان.


سەن بىلەن باشلاندى يېڭى بىر زامان،
خەلقنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ.
قەلبلەر دۇنياسى تولدى شادلىققا،
ھەقىقەت، ئادالەت نۇرلارنى چېچىپ.

سەن بىلەن رەتلەندى تاغۇ - دەريالار،
چۆللەرنىڭ باغرىدا كۈلدى گۈلىستان.
گۈللىنىش ئەپكەلدى ئۆملۈك، ئىسلاھات،
سەن بولغاچ كۆز تىكتى بىزگەكەڭ جاھان.

سەن بىلەن قويننى ئاچتى كېلەچەك،
چىقىسىمۇ قۇيۇنلار يوقالماس ئىشان.
سەن بىلەن ئۆرلەيمىز يۈكسەك پەللىگە،
سەن بىزگە كۈچ-قۇدرەت، غۇرۇر، شەرەپشان.

پارتىيەم سەن ماڭا بەرگەن چىن ھايات،
سېنى دەپ قەلبىمدىن تاشار ھاياجان.
يەلكەڭدە بار تارىخ ئارتقان بۇرچۇڭ،
ئوقۇيمەن شەپقىتىڭ، شەنىڭگە داستان.

1991 - يىل 22 - ماي، ئۈرۈمچى



# ئۇ — تىنىم تاپماس كوممۇنىست

(مۇنەۋۋەر كوممۇنىست ئايىمخان خېنىمنى زىيارەت)

سەنەۋەر ئۆمەر

— ئايىمخان خېنىم؟ — دېدىم كەسپىدىشىمغا ھەيران بولۇپ، بۇ ئىسىم ماڭا تونۇشتەك، قاچاندۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاڭلىغان. چۈنكى ئۇ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار كومپارتىيە ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك توقۇلما بۇيۇملار شىركىتى ئازادلىق يول سودا سارىيىنىڭ پىرىكازچىكى. ئۇنى ھازىر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم. سىز ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى چوقۇم ئاڭلىغان. گېزىت-رادىئولاردا ئۇنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرى كۆپ قېتىم خەۋەر قىلىنغان.

مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ «ئۇ زادى قانداق ئايالدۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمىزدە مەن ھاڭ-تاڭ قالدىم. «ئەسلىدە شۇ ئايال ئىكەن-دە» مەن ئۇنى كۆپ كۆرگەن. ئۇنىڭ چىرايى ماڭا بەك تونۇش. چۈنكى ئۇ ماڭا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى بەرگەن. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار مېنىڭ ئېسىمگە كەلدى. مەن داۋاملىق ئۇنى 3-يول ئاپتوبۇسىدا ئۇچرىتاتتىم. ئۇ كىشىلەرگە سەمىمىي، مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ دائىم ئاپتوبۇسقا ئاخىرىدا چىقاتتى. ئاجىز ياكى ياشانغان كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇناتتى. ئاپتوبۇستا باشقىلار بىلەن ئورۇن تالاشمايتتى. ئەگەر بىرەر ناھەق، يامان ئىشلارنى كۆرۈپ قالسا دەرھال رەددىيە بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان بولساممۇ، ئۇ ماڭا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ھازىر ئۇ مېنىڭ زىيارەت ئوبيېكتىم بولۇپ قالدى. لېكىن مەن بۇ ئىشقا ئەجەبلەنمىدىم.

## ئۇ تىنىم تاپماس ئادەم

ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە بېرىلگەن. ئادەتتە ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدە دەم ئالغان بىرەر كۈنىمۇ يوق. خىزمەتكە ھەممە ئادەمدىن بۇرۇن بارىدۇ، قايناق سۇ قاينىتىپ، ماگىزىننى سۈپۈرۈپ، پۇكەيدىكى ماللارنى رەتلەپ، باشقىلار كەلگۈچە ماگىزىندا ئازادە بىر مۇھىت يارىتىدۇ. ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، باشتىن-ئاخىر خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلمايدۇ. ئىشتىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىن، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېتىپ ھەممىدىن كېيىن قايتىدۇ. ئۇ 1990-يىلى بىر يىل ئىچىدە سەككىز ئاي ئۆيىگە قايتمىدى. ئۈچ ئاي سىرتتا ئىشلىدى، بەش ئاي ماگىزىننى ساقلاپ دىجورنىلىق قىلدى. 1980-يىلىدىن 1990-يىلىغىچە ئۇنىڭ دەم ئالماي ئىشلىگەن ھېيت،

بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى جەمئىي ئالتە يۈز نەچچە كۈنگە توغرا كېلىدۇ. ئىشتىن سىرت ئىشلىگەن خىزمەت ۋاقتى بىر مىڭ نەچچە يۈز سائەتكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ ئۇزاپ كەتكەن ئادەم. بۇ يىل ئۇ 1991 - يىلىغا ئەمەس، 1996 - يىلىغا قەدەم تاشلىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيران قالاتتى ھەم ئۇنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنى مۇشۇنچىۋالا جان پىدالىق كۆرسىتىشكە مەجبۇرلاۋاتقان كۈچ زادى نېمە؟ جاۋاب ئاددىي. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «پارتىيە مېنى قايتا تىرىلدۈرگەن ئىككىنچى ئاتا - ئانام. مەن ئۆمۈر بويى ئىشلەپمۇ پارتىيىنىڭ ماڭا ۋە ئائىلەمگە قىلغان مېھرى - شەپقىتىنى تۆلىيەلمەيمەن.»

ئۇ كىچىك تۇرۇپلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، بوۋىسى بىلەن تاغىسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان. پارتىيە ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ يېتىم بالىلار مەكتىپىدە ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپتۇ. ئۇ 1956 - يىلى خىزمەتكە ئورۇنلاشقان كۈنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ شۇ چاغدا خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ھېس قىلغان. «ھەممىنى پارتىيە بەردى، مەن ئۆمۈر بويى ئىشلەپ پارتىيىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب بېرىمەن» دەپ قەسەم قىلغان.

1974 - يىلى يولدىشى بىلەن ئوغلى كۆمۈر گازى بىلەن زەھەرلىنىپ ۋاپات بولدى. ئۆزىنىڭمۇ بىر قولى پالەچ بولدى. ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ كېلىشمەسلىك ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. تەشكىل ئۇنى شاڭخەيگە ئەۋەتىپ داۋالاتتى.

## ئۇ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت

ئاشۇ بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پوكەي ئالدىدا ئۇ توپتوغرا ئوتتۇز يىل ئولتۇردى. خېرىدارلارنىڭ كۆپ سۆزلەپ، كۆپ تاللىشى ئۇنى زېرىكتۈرەلمەيدۇ. ئۇ «ماگىزىن مېنىڭ ئۆيۈم، خېرىدارلار قېرىندىشىم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

بىر كۈنى ئىككى خېرىدار كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شاڭخەيدە ئىشلەنگەن گۈللۈك رەختنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىدا، پوكەيدىكى باشقا بىر پىرىكازچىك ئېرىنچەكلىك بىلەن: «يوق، سېتىپ بولدۇق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئايىمخان بۇنى ئاڭلاپ پوكەينىڭ ئاستىدىن بېسىلىپ قالغان رەختنى تاپىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى خېرىدار دۇكاندىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھال ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشىپ رەختنى قولىغا تۇتقۇزىدۇ. بۇ ئىككى خېرىدار ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

ئۇ خېرىدارلارنىڭ ئۆزلىرى سېتىۋالغان ماللىرىنى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يەنە ياندۇرۇۋېتىشتەك مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى ئورۇنلىدى. يىراقتىن كەلگەن ھەم ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا كېتىش ئالدىدىكى خېرىدارلارنىڭ ئادرېسلىرىنى خاتىرىلىۋېلىپ، ئۇلار ئىزدىگەن مال كەلگەندە ئەۋەتىپ بەردى.

ئوتتۇز يىلدىن بۇيان خېرىدارلار ماگىزىنغا مىڭلىغان تەشەككۇرنامىلەرنى ئەۋەتتى. «سىز كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىسىز. سىز تۇرغان پوكەيدىن ئىللىق باھار شامىلى چىقىپ تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز. ئەگەر بارلىق پىرىكازچىكلار سىزگە ئوخشاش بولغان بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى» دەپ يازغانىدى بىرەيلەن.

1983 - يىلىدىن بۇيان ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۈچ قېتىم قان تەقدىم قىلدى. قان تەق-

دىنى قىلغاندىن كېيىن تەشكىل ئۇنى دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىسىمۇ، ئۇ بىر كۈنمۇ دەم ئالمىدى ھەم ئادەتتە قان تەقدىم قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇقلىنىش ۋە مۇكاپات پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ياچېيكىسىغا پارتىيە بەدىلى پۇلى تەرىقىسىدە تاپشۇرىۋەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئانچە باياشات ئەمەس. ئۇ تۇرمۇشتا ناھايىتى ئىقتىسادچىل، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈز يۈەن پۇلنى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىئانە قىلدى.

«يەنە كەلدىڭىزمۇ قىزىم» ئايىمخان ئۆيىگە ھەر قېتىم كىرىپ كەلگىنىدە بوۋاي بىلەن موماي چەكسىز مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېيىشىدۇ. ئايىمخان بولسا قولىدىكى سومكىنى قويۇپ چېلەكنى قولىغا ئالغىنىچە سىرتقا ماڭىدۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن لىپمۇ - لىق سۇ توشقۇزۇلغان ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. چېلەكتىكى سۈپسۈزۈك سۇدا ئۇنىڭ مېھنەتكەش گەۋدىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىگە - چاقىسى يوق بۇ سەندۇقلۇق بوۋاي - موماي ماگىزىنىنىڭ يېنىدىكى قورۇدا ئولتۇراتتى. ئايىمخان بۇ ئىككىيلەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئىزچىل ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بۇ بوۋاي - مومايلار دائىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ: «ئايىمخان، سىز ئۆز پەرزەنتىمىزدىنمۇ كۆپ مېھرىبان» دەيتتى.

ئۇ خىزمەتداشلىرىغىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىر خىزمەتداش قىزنىڭ پۇتى قايرىلىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قىز ئاقساپ مېڭىپ يۈرۈپ ئىشقا كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئايىمخان ئۇنى يۆلەپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ ۋە ئۆزى ئۇنىڭ دورىلىرىنى قايىنىتىپ، تاكى ئۇ قىز ساقايغۇچە ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ.

بىر قېتىم ئايىمخان يۈك توشۇۋاتقىنىدا ئاتمىش نەچچە كىلوگراملىق يۈك ئۇنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ كېتىپ پۇتىنى ئىششىتىۋېتىدۇ. لېكىن ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئاقساپ يۈرۈپ يۈكنى توشۇپ تۈگېتىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى پۇتىنىڭ ئاغرىق ئازابىدا كېچىچە ئۇخلىيالمايدۇ. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتىنى سۆرەپ ماگىزىنغا كېلىدۇ. خىزمەتداشلىرى ئۇنى دەم ئېلىشقا قىستىسىمۇ ئۇ ئۇنىمايدۇ. قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن پوكەيدە تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ قىزغىن تەبەسسۇمى يوشۇرغان ئاغرىق ئازابىنى كىممۇ ھېس قىلالىسۇن. ئۇنىڭ قەلبىدە باشقىلار بار، لېكىن ئۆزى يوق.

## ئۇ ھەقىقىي ئىشلەيدىغان ئادەم

1986 - يىلى ئۇ ئازادلىق يول سودا سارىيىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولۇپ ئۆستى، خىزمەت دەرىجىسى ئۆزگەردى. لېكىن ئاددىي ئەمگەكچىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئۆزگەرمىدى. ئۇ يەنە شۇ پوكەي ئالدىدىن ئايرىلمىدى. ئۇ پوكەيدە تۇرۇپ سودا سارىيىنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

كۈز پەسلى بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى سالقىن بولۇپ، ساياھەتچىلەرگە بەك ياقاتتى. مەملىكەتلىك 11 - نۆۋەتلىك ئىشچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بېيجىڭغا بارغان ئايىمخان يىغىنىنىڭ ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، سودا سارىيىنىڭ بېيجىڭدا بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلىرى بىلەن بەند بولدى.

— «ئا دىرېكتور، مالنى يۆتكىمەكچى ئىدۇق، لېكىن ھازىر ماشىنا يوق. مال توشۇيدىغانغا ئادەممۇ يوق. قانداق قىلىمىز؟» — خىزمەتدىشى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ تېلېفون بېرىدۇ.

ئۇ كىرا ماشىنىسىنى تېپىپ ماشىنىغا ئۆزى مال باسىدۇ. بۇ يۈكلەرنىڭ ھەربىرى ئاتمىش كىلوگرام ئېغىرلىقتا ئىدى. ئۇ ئېغىر يۈكلەرنى مۈرىسىگە ئارتىپ ماڭغىنىدا، سىرتتىن مال ئالغىلى كەلگەن بىرەيلەن كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ غەيرەتلىك ئايالنىڭ دىرېكتور ئايىمخان ئىكەنلىكىنى تونۇپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. «مەن سىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان، بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىز ھەقىقەتەن ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇشقا لايىق ئىكەنسىز» دېدى.

## ئۇنىڭ ئىشلىرىغا كىشىلەر قايىل

ئەتىگەندە ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى. تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. شىركەتنىڭ ئاقسۇغا كامانىدىروپكىغا كەتكەن ئىككى ياش خىزمەتچىسى ھاراقنى كۆپ ئىچىپ مېھمانخانىدا چاتاق چىقىرىپ قويۇپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئايىمخان ئاقسۇغا ئۆزى بېرىپ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى.

ئۇ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي بىلدى. بۇ قېتىملىق ماجرادا بىر رەھبىرىي يولداش تاياق يېگەنىدى. ئۇ كىشى ھازىر كۇچاغا كېتىپ قاپتۇ. ئايىمخان تۈرمىگە بېرىپ ھېلىقى ئىككى يىگىتنى يوقلىغاندىن كېيىن، دەرھال كۇچاغا ماڭماقچى بولدى. بۇ ئىككى يىگىت دىرېكتورنى كۆرۈپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى: «بىز خاتا ئىش قىلدۇق، ئا دىرېكتور. بىز سىزگە يۈز كېلەلمەيمىز...» دېيىشتى. ئەسلىدە ئۇلارنى قاتتىق بىر ئەيىبلىمەكچى بولۇپ بارغان ئايىمخان ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشىغا بولغان بۇنچىۋالا ئۆكۈنۈشىنى كۆرۈپ كۆڭلى يۇمشاپ قالىدۇ. ئۇلارغا يېمەكلىكلەرنى ئەكىرىپ بەرگەندىن كېيىن كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي يولغا چىقىدۇ. ئۇ مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى تاياق يېگۈچى كىشىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئۇنىڭدىن سەممىي ھال سوراپ، سوۋغا - سالامىنى قويغاندىن كېيىن سەممىي ھالدا ئەپۇ سورايدۇ. «خاتالىق مەندە، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمىگەچكە، سىزگە كېلىشمەسلىك كەپتۇ، كەچۈرۈڭ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇلارنى ياخشى باشقۇرىمەن.» بۇ كىشى ئايىمخاننىڭ سەممىي مۇئامىلىسى ۋە قىزغىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆز يولداشلىرىغا كۆيۈنىدىغان روھىغا قايىل بولدى. شۇئان قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىگە قارىتىپ خەت يېزىپ بەردى.

«دىرېكتور ئايىمخان قايتىپ كەپتۇ. ھېلىقى ئىككىيلەننى بىللە قايتۇرۇپ ئەكەپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلىكتە پۈتۈن شىركەتكە تارالدى.

ئىككى يىگىت گەرچە تەنقىد ۋە مەمۇرىي جازاغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئايىمخانغا قايىل بولدى.

كامانىدىروپكىغا چىققاندا ئايروپىلاندا ئۇچۇش، ئالىي مېھمانخانىدا يېتىش رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئومۇملاشقان ئىش، لېكىن ئايىمخان بۇنداق ھەشەمەتچىلىكنى خالىمايدۇ. كامانىدىروپكىغا چىققاندا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ھۆكۈمەت-

نىڭ پۇلىنى ئىقتىساد قىلىدۇ. خىزمەت ئالاقىلىرى ئۈچۈن ئۇياق - بۇياققا ماڭغان- دا ئاساسەن ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ ياكى پىيادە ماڭىدۇ، تاكسىغا ئاسانلىقچە ئولتۇرمايدۇ. ئۆزىگە ئۇۋال قىلىشقا رازىكى، ھۆكۈمەتكە زىيان سېلىشنى خالىمايدۇ.

ياز پەسلىدە گۇاڭجۇنىڭ فۇشەن دېگەن يېرى ئىنتايىن ئىسسىق بولىدۇ. ئايىمخان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئۆزىگە ئاجرىتىلغان ياتاققا كىردى. يەرگە قىپقىزىل گىلەم سېلىنغان، ھاۋا تەڭشىگۈچ، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ ... لارنىڭ ھەممىسى تولۇق، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان تازىلىق ئۆيىنىڭ ئىچىدىن فرانسىيە ئەتىرىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان، كىرىم ئەينەككى، دېرىزىدىكى دوخاۋا پەردىلەر... ياتاقتىكى بۇ ھەشەمەتتىن ئۇنىڭ دېمى سىقىلىشقا باشلىدى. ئۇ ياتاقتىن چىقىپ يىغىن كاتىپىنى ئىزدەپ تاپتى.

— سىز دېگەن دىرېكتور، بۇ ئۆي ئادەتتىكىدەك ئۆي، كۈنىگە ئاران يەتمىش بەش يۈەن ئەرزان ئەمەسمۇ، ئەسلى سىز بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ياتاققا يېتىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— مەن دىرېكتور بولغانلىقىم ئۈچۈن شىركەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چاچسام بولامدىكەن، بۇ يەتمىش بەش يۈەن سىلەر ئۈچۈن ئاز پۇل. لېكىن بۇ پۇللارنى شىركىتىمىزدىكى خىزمەتچىلەر تەستە تاپقان ئەمەسمۇ؟ ئۇ بۇ ئۆينى قايتۇرۇ- ۋېتىپ، كۈنلۈكى ئون بەش يۈەنلىك ياتاققا چىقتى. بۇ ياتاقنىڭ شارائىتى ناھايىتى تۆۋەن. تازىلىق ئۆيى يوق. پاشىنىڭ تولىلىقىدىن، ئىسسىقنىڭ دەس- تىدىن ئۇخلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ جاپالىق ئون كۈننى ئۆتكەتتى. شىركەت ئۈچۈن توققۇز يۈز يۈەن پۇل ئىقتىساد قىلىپ بەردى. لېكىن ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە ئىسسىقلىق يارىلىرى ئۆرلەپ چىققانىدى.

ئۇ جەمئىيەتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرگە نەپرەتلىنەتتى. لېكىن ئۇ قارشى تۇرۇشتا ھامان يالغۇزلۇق قىلاتتى. شىركەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شىركەتكە خىرىس قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇ داۋاملىق ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى مېھمان قىلىپ ئىشلارنى ھەل قىلاتتى. شىركەتكە بۇ ئىشتا ئېغىرچىلىق چۈشۈرمەيدۇ.

1988 - يىلى شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. ياخشى ئىشلىگەن خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات پۇلى تارقىتىلدى. ئۇ ئۆزىگە بېرىشكە تېگىشلىك مۇكاپات پۇلىنى ھەر خىل باھانە - سەۋەب- لەرنى كۆرسىتىپ باشقىلارغا ئۆتكۈزدى.

ئۇ باشقىلاردىن ئارتۇقراق ئىشلەيدۇ. لېكىن باشقىلاردىن ئارتۇق تاپا قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ھېساباتى بىلەن مەشغۇل ئەمەس، بەلكى چوڭ ھېسابات — شىركەتنىڭ ھېساباتى بىلەن مەشغۇل.

## ئۇ ھەقىقەتنى قوغدايدىغان قەيسەر ئادەم

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ماگىزىنىڭ ئىچىدە ئادەملەر بىر يەرگە توپلىشىۋال- غانىدى. ئەسلىدە بىر قانچە لۈكچەك بىر دېھقاننى بوزەك قىلىۋاتقانىكەن. ئەتراپتىكى كىشىلەر بولسا تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. ئايىمخان بۇنى ئاڭلاپ

قولىدىكى ئىشنى قويۇپ دەرھال يېتىپ كەلدى-دە، لوكچەكلەرنىڭ ئەدىبىنى بەردى. قوغداش خادىملىرىنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، بۇ لوكچەكلەرنى ساقچىغا يوللاپ بەردى.

يوللاردىمۇ ئاشۇنداق ناھەق ئىشلارنى ئۇچرىتىپ قالسا دەرھال كۆكرەك كېرىپ چىقىدۇ. باشقىلار: «سەن دېگەن بىر ئايال. بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭ بولماسلىقى كېرەك. بولمىسا ئۆزۈڭ زىيان تارتىپ قالىسەن» دېگەندە ئۇ: «ھەممىمىزنىڭ كارى بولمىسا بۇ لوكچەكلەر ھەددىدىن ئېشىپ جەمئىيەت قالايمىقانلاشمامدۇ. مەن دېگەن كومپارتىيە ئەزاسى، ناتوغرا ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچۇم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## ئۇ تېخىمۇ تىرىشماقتا

«ئا دىرېكتور يۆتكىلىپ كېتىدىغان بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەر تېزلىكتە پۈتكۈل سودا سارىيىغا تارقالدى. ئايىمخاننىڭ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولۇپ تەيىنلىنىدىغانلىقىنى ئۇققان پىركازچىكلار مۇرەككەپ بىر خىل تۇيغۇدا ئىدى. ئاشۇنداق ياخشى بىر كىشىنىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكىگە خۇشال ئىدى. سودا سارىيىدىن يۆتكىلىدىغانلىقىغا بولسا كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئۇنىسى ئۆزىنىڭ ئۇچۇن ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمغا ئەسلىدە پەقەت ھەرقايسى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىرىدىنلا قاتنىشىشنى بەلگىلىگەنىدى. لېكىن پۈتكۈل ئىشچى-خىزمەتچىلەر خىزمەتتىنى تۈگىتىشىپ قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئايىمخاننىڭمۇ ئوتتۇز يىل بىللە ئىشلىگەن خىزمەتداشلىرىدىن، ئىش ئورنىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن ئامال قانچە. ئۇنىڭغا خىزمەتداشلىرى خاتىرە ئۈچۈن بەس-بەس بىلەن يوللۇق تۇتتى. ئارىسىدا ئايالچە ئالتۇن سائەتمۇ بار ئىدى. ئالتۇن قىممەت، لېكىن دوستلۇق بىباھا قىممەت!...

يېڭى خىزمەت ئالدىدا ئۇ يېڭى چەكلەرگە ئاتلاندى.

يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتتى. ئەنە، يوغان بىر سومكىغا لىق تولغان مۇكاپات ئىزناك - مېدال، شەرەپنامىلەر. ئۇ بۇلارنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. ئۆتكەنكى شۇ كۈنلەرنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇ تېخىمۇ غەيرەت-جاسارەت بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېخىمۇ تىرىشماقچى.

شىركەت ئۇنىڭغا تۆت چوڭ سودا سارايى، ئىككى كىچىك ماگىزىننىڭ تولۇقلىما بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. ھازىر ئىسلاھات دەۋرى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرى. شىركەت قانداق قىلغاندا تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ؟ شىركەتلەر ئارا رىقابەتكە بەرداشلىق بېرىش، ئۇچۇرغا دىققەت قىلىش... ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. ئۇ تىرىشىپ كەسىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئۇ تېخىمۇ ئالدىراش بولدى.

بەزىلەر «ئايىمخان، تېخىچە ئىشلەپ ھارمىدىڭمۇ؟ يېشىڭ قىرىقتىن ئاشتى، نېمانچە قىلىسەن، ئېرىشىشكە تېگىشلىك

(داۋامى 28 - بەتتە)

ئۈيۈشتۇرغان ئەسەر

# سەمەندەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

(ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مۇنەۋۋەر كوممۇنىست ئابدۇكېرىم توغرىسىدا)

ئەركىن نۇر

بۇ مەنمۇ، راستىنلا مەنمۇ؟ مەن چۈش كۆرۋاتمايدىغاندىمەن؟ ئۇ ئەينەككە يەنە قارىدى: يۈزىنىڭ ئوڭ يېرىمى ۋە قۇلاق بويۇنلىرىغىچە قوشۇلۇپ كۆيگەن، ھېلىتىن شەلۋەرەپ قىپقىزىل بىر پارچە خام گۆشكە ئايلانغان بەتبەشىرە بىر چىراي!

«ياق، بۇ مەن ئەمەس، مەن ئەمەس» دەپ ئويلىدى ئۇ ئەينەكتىن كۆز ئۈزمەي ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەندەك «ئەڭ بولمىغاندا، بۇ مېنىڭ ئوڭۇم ئەمەس، چۈشۈم».

ئۇ بارمىقىنى چىشلەپ باقتى، ئاغرىدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ كۆيۈپ كەتكەن جايلىرى خۇددى تىغ كەسكەن يەرگە لازا سۈرتۈلگەندەك ئېچىشىپ ئاغرىماقتا ئىدى. دېمەك، بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، چىن رېئاللىق، رەھىمسىز رېئاللىق!

— ھەي، تازىمۇ يامان بوپتۇ! — دېدى دوختۇر ئۇنىڭ كاردىن چىقىپ تىنىماكاتىتاك بولۇپ كەتكەن كۆيۈك تېرىلەرنى بىر باشتىن قىسقۇچ بىلەن سويۇپ ئېلىۋاتقاچ ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، — بىر - ئىككى ئايغا قالماي ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، بىراق، ئوتتا كۆيگەندىكىن ئۆمۈر بويى تاتۇق بولۇپ ئۆتىدىغان گەپ - تە!

بىر پەستىلا دوختۇر بۇرۇنقى كۆيگەن تېرىلەرنىڭ ھەممىنى پاك - پاكىز سويۇپ ئېلىۋېتىپ دورىلاپ بولغاندىن كېيىن داكا بىلەن تېڭىپ قويدى.

دوختۇر، ئۇنىڭ ئوبدانراق ئارام ئېلىشى كېرەكلىكىنى تاپىلاپ قولىغا بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزدى، بۇ دەم ئېلىش قەغىزى، ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش قەغىزى ئىدى.

ئۇ ئۆيگە يېتىپ بارغاندا، ئايالى تاماققا تۇتۇنغانىكەن، ئايالى ئۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى، شۇ يىغلىغانچە كېچىچە يىغلاپ چىقتى...

تۆت يىلدىنمۇ ئۇزۇن تۆت كۈن ئۆتۈپ، بەشىنچى كۈنى ئۇ زاۋۇتتا پەيدا بولدى.

— ۋۇي ئابدۇكېرىم، نېمە دەپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان باش دىرېكتور تەئەججۈپ ئارىلاش، — بىز سېنى يوقلاپ بارغۇچە ...

— يوقلىغۇدەك ئاغرىق ئەمەس، ھېچقىسى يوق.

— ئابدۇكېرىمكا، — دېدى چاقچاقچى بىر قىز ئۇنىڭ كۆيگەن يېرىدىكى چاقماق شەكىللىك تېڭىقنى ئىما قىلىپ، — بۈگۈن ئەجەب شەكىللىك تېڭىپ كەپسەنغۇ، قارىغاندا ئايالىڭ ئۆيدىن قوغلىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

بىر نەچچەيلەن تەڭلا پاراقلاپ كۈلۈشتى. ئۇمۇ بوش كەلمىدى:

— شەكىللىك تېڭىپ كەلمىسەم، سىلەردەك قىزلارغا شوخلۇق بىلەن چاقچاق قىلىدىغان يىگىت

## تېپىلماي قالارمىكىن؟!

بۇنى ئاڭلىغان ئۈچ - تۆت ياش شۇنداق قاتتىق كۈلۈشتىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ قىز ۋىللىدە قىزىرىپ، چوك - چوك قارا كۆزلىرىنى ئىتتىك يەرگە تىكتى...

— بۇرادەرلەر، چاقچاقمۇ قىلىشتۇق، راستىنى ئېيتسام، سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، — دېدى ئابدۇكېرىم سەممىي ئاھاڭدا، — بىكارچىلىقتىن يامان ئىش يوقكەن، ئىتتەك زېرىكىپ كەتتىم.

— سەن دېگەن كوممۇنىست تۇرساڭ، زېرىكمىسەڭمۇ كېلەتتىڭ - دە، سەن، — ئارىدىن يەنە بىرسى چاقچاق قىلدى تەنە ئارىلاش.

دېمىسىمۇ، شۇنداق ئىدى، ئۇ بۇنىڭغا ئىقرار، شۇڭا بۇ چاقچاققا ھوزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرەش بىلەنلا جاۋاب قايتۇردى. ئۇ، ئادەتتە شۇنداق خۇشچاقچاق، قىزىقچى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ زاۋۇتتا ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشلاردا ئەگەر ئۇ بولمىسا تاماشا قىزىمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ناخشا - ئۇسۇل دەمسەن، ساز - پاز دەمسەن گۈل كەلتۈرىۋېتىدۇ. ئۇ ھەر ئىشتا ھەر كىمنى رازى قىلالايدۇ، بىراق، ئۇ ئۆز ئائىلىسىنى زادىلا ئويلىمايدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئەڭ ئادەتتىكى ئائىلىلىك گەپنى بويىچە ئۇزۇن - كېسەل ساقايغۇچە ئۇيىدا ئىراق دەم ئالغان، يەلكى ئائىلىسىگە ئۇقتۇرماستىن زاۋۇتقا قېچىپ كەلمىگەن بولاتتى - دە!

ئۇ، دەرۋازا تۈۋىدىن ئۆزۈپ، ئۇچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قەۋەتلىك، ئەمما ئاجايىپ يوغان ۋە ئېگىز بولغان زال ئىشىكىدىن كىرىپ غايىب بولدى.

— ھەي بىچارە، — دېدى بايام چاقچاق قىلغان مۇكەررەم ئېغىر خورسىنىپ، — شۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق ئادەم ئىدى ئۆزى، مەڭگۈ ئەسلىگە كېلەلمەي ئازابلىنىپ ئۆتىدىغان بولدى - دە!

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقىغا سۇ كىرسىمۇ ئۇقشالمىغىنىغا بەك ھەيرانمەن. قارىماسىلەر، كۆيۈكنىڭ دەۋدىنى تارتىپ ياتماي، نېمە بار زاۋۇتتا. خۇددى ئۇ بولمىسا زاۋۇتنىڭ ئىشى يۈرۈشمەيدىغاندەك!...

ئۇ، ھەر قېتىم مۇشۇكا پاتلانغان، تەقدىرلەنگەن چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلالمايۋاتقاندەك چوڭقۇر ئازابلىناتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆز قەلبىدە مۇجەسسەملىنىپ ۋىجدان تۇيغۇسىنى ئېلىپ كەتكەن بۇرچىنىڭ ئۆتەلمىگەنمۇ قىلالمىغىنى يوق...

ۋەھالەنكى، ئۇ زاۋۇتقا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەن تۇنجى يىلىلا شەھەر بويىچە ئەلا شاگىرتلار ۋەكىللەر يىغىنىغا ۋەكىل قىلىنىپ قاتناشتۇرۇلدى. ئەنە شۇندىن باشلاپ، ئىدارىدە ئۇدا ئوتتۇز يىلچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، كۆپ قېتىم ساناەت ئىدارىلىرى بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، ئۇن يىلغا يېقىن ئۇزۇلدۇرمەي ئۇرۇمچى شەھىرى بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، بىرنەچچە نۆۋەت ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى... بولۇپ سايلاندى. رادىئو، تېلېۋىزور، گېزىت، ژۇرناللار خادىملىرىنىڭ زىيارىتى ئۈزۈلمىدى.

چۈنكى، ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق قىزىل يۈرەك ھەقىقىي كوممۇنىست، ئامما ئارىسىدىن چىققان ئادىل رەھبەر! ئىشەن-

مىسىڭىز، زاۋۇتقا بېرىپ بېقىڭ، ئۇنى
ئىشخانىسىدىن ئەمەس، ئىشچىلار بىلەن
جىددى ئىشلەۋاتقان سېخلاردىن
تاپالايسىز...

## قارا بوران غەزەپلىك ھۆۋلايتتى

ئىنجاردېگە ئىلىنغان كىچىككىنە بىر ئېغىز-لىق بۇ ئۆينىڭ پاكارغىنە ئىشىك-دېرىزە-زىلىرى ۋە زېمىندار ھويلىسىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسى ئوختىماي جالاقلايتتى؛ ئازقا تەرەپتىكى بىنانىڭ ئەينەكلىرى ھەم نېمىدۇر بىر نېمىلەر جاراڭلاپ چېقىلاتتى. ئۇ، ئۇيان ئۆرۈلۈپ-بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ ئايالى، تېخى تۈنۈگۈنلا تۇغۇي قىلغان ئايالى يېتىشتىن ئاۋۋال ئىچكەن مېزىلىك چۆچۈرە ئىسسىق باسقانمۇ ياكى چارچاپ كەتكەنمۇ، ئەيتاۋۇر ھېچنەرسىدىن خەۋەر-سىز ھالدا ئۇنىڭغا يېپىشىپ تاتلىق ئۇخ-لىماقتا ئىدى.

ئۇ، ھۆۋلاۋاتقان بوراندىن گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى، ئوتتىن ئېرىپ سۇدەك ئېقىۋاتقان قىزغۇچ ئەينەكنى، ئەينەكتىن مەڭزىلىرى ھارارەت تۈپەيلى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن شاتىسىز ئىشچىلارنى ئەسلىدى. ئۇلار، شۇ تاپتا، تۈن كېچىدە شېرىن ئۇيقۇلىرى بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ قاتتىق ئىشلىمەكتە، بىراق، مەنچۇ؟ مەن، بەخت شارابىدىن مەست! كوممۇنىستلار راھەت-پاراغەتنى، بەختنى كۆزلىمەسلىكى، بەلكى پۈتكۈل ھۇزۇر-ھالاۋەتلەرنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ، ئۆزى باشقىلار قىلالمايدىغان ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ خەتەرلىك ئىشلارغا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى، مەن شۇنداق قىلا-لىدىمۇ؟!...

ئۇ، ئايالىنى ئويغىتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى-دە، ياستۇق تېگىدىكى پىرۇدكتېرىنى ئېلىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا ماڭدى. سىرتتا، قارا بوران تېخىمۇ ئەدەپ كەت-كەنىدى. ئۇ، ئىشىكنى ئېچىپلا كۈچلۈك بوراننىڭ سوقۇشى بىلەن ئارقىغا سەنتۈ-رۈلۈپ كەتتى. ئۇ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئالغا ماڭدى. ئۇ، مۇشۇ مېڭىشىدا زاۋۇتقا بارىدۇ، ھېرىقانلارغا يار-يۆلەك بولىدۇ...

بوران داۋاملىق كۈچەيمەكتە، بىراق، بوران ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ قانداقمۇ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قالالىسۇن؟!

بوران ئېگىز تۇرخۇننى قاپ بېلىدىن سۇندۇرۇۋەتتى، ئوچاقتا ئوت قالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى نەس باسقىلى تۇردى: ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ئادەم كۆيۈپ قالدى. ئەمدى، ئېغىر ۋەزىپە ئابدۇكېرىم بىلەن تېخى يېقىندىلا ئىشقا ئورۇنلاشقان قاراقاش يىگىتىنىڭ زىممىسىگىلا يۈكلەندى.

— ئىشلىمەيمەن، — دېدى يىگىت ئابدۇ-كېرىمغا بىر كۈنى، — مېنى بۇ گۇرۇپپى-دىن سېخقا ئالماشتۇرۇۋېتىڭ، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ مەيلى.

— مەن گۇرۇپپا باشلىقى بولغىنىم بىلەن بۇ ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ماقۇل، ئالمىشىپ كەتسۇ دەيلى، مۇشۇن-داق جاپالىق ئىشتىن قاۋۇل يىگىت تۇرۇپ قاچقىنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ نومۇس قىلارسەن؟

— ئۇنداق دېگەن بىلەن، بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇش كېرەك-تە! ئىشلەيمىز دەپ يۈز-كۆزىمىزنى كۆيدۈرۈۋالساق، سىزغۇ ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ بولدىڭىز، ئەتە-ئۆگۈن بىزدەك سەت تاتۇقلارغا

قارىغىلى قايسى قىزنىڭ چولىسى؟...

ھەي، ھازىرقى ياشلار نېمىدېگەن شەخسىيەتچىل – ھە؟! ئابدۇكېرىم ئۇنىڭغا رەللى بولدى، ئەمما سەۋرچانلىق بىلەن كۆپ چۈشەندۈرۈپ باققان بولسىمۇ، ئەپلەشمىدى. ئۇ، ئەگەر ئىشلىسە، تۇرخۇن ئوڭشالغاندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئىشلەيدىغىنىنى ئېيتىپ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

دېمىسىمۇ، بىخەتەر ئىشلەش ئۈچۈن ئوچاق تۇرخۇنى ئۆلچەملىك (ئېگىزلىكى 40m، دىئامېتىرى 2m، قېلىنلىقى 3.3 cm) تۆمۈردىن ئىشلەنگەن بولۇشى، يەنە كېلىپ بۇنداق تۇرخۇن ئۈچۈن ئاتايىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىش كېرەك ئىدى. تۇرخۇننى ئەكىلىپ ئالماشتۇرۇپ بولغۇچە بىرەر ئايچە ۋاقىت كېتىدۇ. دېمەك، تۇرخۇننىڭ ئوڭشىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان بولسا، پۈتۈن زاۋۇتتىكى نەچچە مىڭلىغان ئىشچى – خىزمەتچىلەر شۇنىڭغىچە ئىشتىن توختاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر، بىر ئاي ئىشتىن توختىسا، ئۇنىڭدىن ھۆكۈمەتكە، زاۋۇتقا تولدۇرۇۋالغۇسىز زور ئىقتىسادىي زىيان بولىدۇ. ئۇ، قاراپ تۇرۇپ ئەنە شۇ زىيانغا يول قويسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ ئىشلەيدۇ، ئۆزى يالغۇز ئىشلەيدۇ، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالمىسىلا ئىشلەشتىن توختىمايدۇ!

ئۇ، ئىقتىسادىي زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ھېلىقىدەك ياشلارنى سۆز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيىتى بىلەن قايىل قىلىش ئۈچۈن قىلچە بوشاشماي ئىشلەشنى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

قاندەك قىپقىزىل خىشتىن سېلىنغان ئۆيدەك چوڭ ئوچاق، بۇ – زاۋۇتنىڭ جان تومۇرى. بۇ ئوچاققا كۈنىگە تۆت-بەش تونىنا كۆمۈر قالىنىپ، ئېرىتىش سېخىدىكى ئون قازان (ھەربىر قازاندىن 280kg ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، بۇنىڭ بىلەن 130 دىن جەمئىي 1300 چايدان ئەينەككى ياسىلىدۇ) 1550°C قىزدۇرۇلۇشى كېرەك. ئەگەر، ئوچاقتىن كاشىلا چىقتىمۇ، بولدى، پۈتكۈل زاۋۇت ئىشتىن بىراقلا توختايدۇ.

ئوچاقنىڭ تۇرخۇنى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئوچاققا ئوت قالايدىغان بەشەيلەندىن يالغۇز ئۆزىلا قالدى.

مانا، شۇ تاپتا ئۇ يالغۇز ئىشلىمەكتە. ئۇ، توغۇپ تۇرىدىغان كۆمۈرنى شارتىلدىتىپ گۈرەكلەيتتى (ئۇنىڭ بۇيرۇتقان ئالاھىدە يوغان بىر گۈرجەكى بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئىشلىتەلمەيتتى) ئاندىن، ئىككى مېترچە ئېگىزلىكتىكى ئوچاق ئېغىزىغا شىپپىدە ئاتاتتى. ئۇ، ئىشىك قېشىدىكى تاغدەك ئېگىز كۆمۈر دۆۋىسىگە يەنە گۈرجەكنى سالاتتى، يەنە ئوچاق ئېغىزىغا ئاتاتتى... ئۇ، بۇنداق چاغلىرىدا پۇت – قوللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىر خىل رىتىمغا چۈشۈرۈۋالغانچىقىمۇ ياكى قاۋۇل بولغانچىقىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىشلىگەنچە قىزىپ ئىشلىگۈسى كېلىپ تۇراتتى.

نېرىراقتىكى ئېرىتىش سېخىدىكى خىزمەتداشلارنىڭ ۋاڭ – چۇڭلىرى، ئوچاقتىكى ئوتنىڭ خۇددى يۈك پويىزىنىڭ ئاسمان-زېمىننى لەرزىگە سېلىپ كېتىۋاتقىنىدەك ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەشلىرى ئادەمنىڭ قۇلىقىنى پۈتتۈرۈۋېتەتتى. بۇنى ئازدېگەندەك، ئوچاق ۋە شەپەقتەك قىزغۇچ، سۇدەك سۇيۇق، ئەينەك ئاقمىلىرىدىن ھۇپۇلدەپ ئۇرۇلىدىغان ئىسسىق، نەپەسنى

قىيىنلاشتۇرۇپ، ئۇزۇلدۇرمەي ئۇسسۇلۇق ئىچىپ تۇرۇشقا قىستايتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تېنىدىن ئىسسىق تەرلەر شۇرقىراپ قۇيۇلۇپ تۇرغاچقا، خۇددى چېلەكلەپ ياغقان يامغۇردا قالغان ئادەمدەك، ئۇستى - باشلىرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كېتەتتى؛ يەنە كېلىپ قەھرىتان قىش كۈنلىرى بولسۇن، تومۇز ياز كۈنلىرى بولسۇن ئۇچىسىدىكى پاختىلىق ئىش كىيىمىنى سېلىۋېتىشكە ياكى ئېپىزرەك كىيىملەرگە يەڭگۈشلەشكە بولمايتتى، چۈنكى، ئوچاقتىكى ئوتنىڭ ھارارىتى بىر قانچە ئون مىتر ئەتراپقا تېپىپ تۇرغاچقا، پاختىلىق كىيىمسىز ھالدا ئوچاق ئالدىغا كېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ جايدا ئىشلىگەن ئادەمنىڭ ناۋادا سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىسا بىرەر ئاي ئىشلە - ئىشلىمەيلا يىقىلىپ قالاتتى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تاش مىجەزى سوغ ئېلىپ كېتىپ، تېنىدە ئازغىنە ماجالمۇ قالمايتتى؛ ھەتتا ئۆمرى قىسقىراپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بۇ جايدا ئىشلەپ قېلىشتىن ھەرقانداق بىر نورمالنى ئەركەك، ياق، ئۇلارغا قارىغاندا ئاياللىرى بەكرەك قورقۇشاتتى... ناۋادا، بۇ گۇرۇپپىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەشكە بەرداشلىق بېرەلەيمەن دەپ تۆشىگە چەككۈچىلەرمۇ (ئەمەلىيەتتە زاۋۇت تارىخىدا بۇنداقلاردىن پەقەت ئىككىلا ئادەم چىققان. ئۇنىڭ بىرسى، ئابدۇكېرىم، يەنە بىرسى ياش جەھەتتە ئۇنىڭدىن چوڭراق ھەم سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىغان قۇشنىزات ئاكا) تاپقان - تەرگىنىنى گاللىغىلا ئۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇ، ئۇدا ئون بەش يىلغىچە ئالغان 52 سوم مائاشىنى ئۆزىنىڭ قورسىقىغا يەپلا تۈگەتتى، بۇنچىلىك مائاش ئېمىگە يېتەتتى، ھەر ئايدا ئالىدىغان 30 سوم مۇكاپات پۇلىنىمۇ ئۇنىڭغا قوشاتتى - تېخى!

زاۋۇتتىكىلەر بۇ ئوت قالاش گۇرۇپپىسى ئىشلەيدىغان جاينى «دوزاخ» دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە!

بىراق، ھەممە ئادەم كىرىشنى خالىمايدىغان بۇ «دوزاخ» قا ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كىردى. بۇ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىدەك قىپقىزىل بايراق ئالدىدا قەسەم بەرگەن كۈنىدىن، ئۆزى تۇغۇلغان ۋەتەنگە ئۇنتۇمايدىغان قۇتلۇق كۈندىن كېيىنكى ئىش.

ئۇ، بىر چاغلاردا، زاۋۇتتا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەن ئاشۇ دەسلەپكى يىللىرى، ئەينەك سېخىدا ئىشلىگەن. ئۇ، نەچچە مىڭ گرادۇسلۇق قازاندىن ئەمدىلا ئېلىنىپ بوتۇلكا شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ تېخى ئەسلى ھارارىتىنى يوقاتمىغان، رېزىنكىدەك ئەۋرىشىم ھاراق شىشىلىرىنىڭ ئېغىزىنى نەيچە بىلەن كۆچىنىپ پۈلەيتتى، پۈلەيتتى، قىزىق شىشىنىڭ گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان كۈچلۈك تەپتىدىن يۈز - كۆزلىرى تارتىشىپ، قاش - كىرپىكلىرى كۆيۈپ، قوۋۇزلىرى تېلىپ، چېكىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى ۋە كۆزلىرى تورلىشىپ باشلىرى قاياتتى...

ئۇ، قەسەم بەرگەن شۇ قۇتلۇق كۈندىن ئېتىبارەن ئىشلەشنى پەقەت بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جاپالىق ئىشلەشنىلا بىلىدىغان باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدى. بولمىسا ئۇ، تۆھپە قاتارىدا كۆزگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىشىدىغان «دوزاخ» قا كىرىشنى رەھ-

بەرىلىكىشىن تەلەپ قىلمىغان بولاتتى...

ئۇنىڭ نەزەرىدە، «دوزاخ» سىز ياشىيالمايتتى. بۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئۇ ئۆزىنى پەقەت ئۇت ئىچىدىلا ياشايدىغان ۋە شۇ ئۇت بىلەن چەكسىز لەززەت تاپالايدىغان بىر سەمەندەردەك ھېس قىلاتتى...

دەرۋەقە، ئۇ بىر سەمەندەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر قاچان، ھەر زامان، ھەر يەردە قىزغۇچ ئۇتلار دېڭىزدەك چايقىلاتتى ۋە ئۇنى ھەدەپ قاينىمىغا، قاينامنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا چۆكتۈرەتتى: ئۇ ئاشۇ ئوت قاينىمىدا تاۋلىناتتى، ئاشۇ ئوت قاينىمىدا ھاياتنىڭ يېڭىچە مەنا ئىزلەيتتى...

ئۇ، تامىقىنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ تىلى ھە دېگەندە تارشىدەك قېتىپ، ھېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇ، قولىدىكى گۈرجەكنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، قوللىرىدىكى كۆمۈر يۇقۇندىلىرىنى يۇدى، ئاندىن يوغان روچەينەكنى ئالدى ـ دە، ئېگىز كۆتۈرۈپ جوغىسىنى ئاغزىغا تىققان پېتى ئاتنىڭ قېنىدەك قىپقىزىل دەملەنگەن چاينى غۇرتىلدىتىپ ئىچتى. ئۇ، ھەر نۆۋەت چاينى مۇشۇنداق ئىچمىسە، چاي ئىچكەندەك بولمايتتى. ئۇ، ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن، بىر ئاز دەم ئېلىپ ئولتۇرۇۋالغۇسى كەلدى. ئەگەر بىرلا ئولتۇرسا يۇزاقىقچە قوپقىسى كەلمەسلىكىنى بىلىپ، تامغا يۆلەكلىك گۈرجەكنى چوك ـ چوك قوللىرىغا ئالدى.

ئۇ، ئېغىزى ئىككى مېترچە ئېگىزلىكتىكى ئوچاققا تېخى ئەمدىلا تۆت ـ بەش گۈرجەك كۆمۈر تاشلاپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت چاقتىن گۈپپىدە ئوت ياندى، بۇ ئوت غايەت زور بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئېمىگەندۇر پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرى كۆيۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئۇ، بىر ھازاغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئۆزى قايسىدۇر بىر كىنودا كۆرگەن، ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشىدىن ھاسىل بولغان ئوت دېڭىزىدەك ئاچايىپ يوغان بىر پارچە ئوت پەيدا بولۇپ شىددەت بىلەن ئۇنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى.

ھە ئە، ئۇ، راستتىنلا كۆيۈپ قالدى! ئۇ، يۈزىنىڭ ئوڭ يېرىمى، قولىقى ۋە بويۇنلىرىنىڭ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېچىشىۋاتقىنىنى، كۆيۈشۈۋاتقىنىنى ھەم بىر ئىسىدا، ئەينەك ئېرىتىش سېخىدا ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ بىر نېمىلەرنى دەپ توۋلىغاندەك قىلغىنىنى غۇۋا سېزەلىدى...

## باھار بايرىمىنىڭ تۈنجى كۈنى، چۈش

ئۇ چۈشكىچە زاۋۇتتىكى ئىشچىلار بىلەن بىرگە ئىشلەپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئۇچىسىدىكى ئىش كىيىمىنى يېقىندا تىكتۈرگەن مېھمانلىق سارجا كىيىمىگە يەڭگۈشلىدى.

بالكونغا چىقىۋالغان ئۈششاق بالىلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ، ئاخشام ئېتىپ قالغان پوجاڭزىلىرىنى پارا قىلىتىپ ئېتىپ قوياتتى. بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، ئاسماننى كۆچلۈك پۇرۇخ ھىدى قاپلىغانىدى.

چىك ـ چاك، چىك ـ چاك قىلىپ مېڭىۋاتقان تام سائىتى داڭ ئۇردى. قوشنىدىن ئاكىسىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ

قالاي دېگەنىدى. ئۇلار ئەتىگەندە، باش دوختۇرنىڭ ئۆيىگە چاغانلاپ كېلىشكە كېلىشكەن، قوشنىزات ئاكا، ئۇنى باشلاپ بېرىشقا ماقۇل بولغان. ئۇ، ساقال ئېلىش ماشىنىسىنى ئىزلەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ 30 يىلچە بىر ئىدارىدە ئىشلىگەن باش دوختۇرنىڭ ئۆيىنى تېخىچە بىلمەيدىغىنىنى ئويلىغىنىدا، بىر تەرەپتىن سەل-پەل خىجىللىق ھېس قىلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۇقمايدىغىنىدىن قانداقتۇر ئىپتىخارلانغاندەك بولدى...

ئون يىل بۇرۇنقى مەلۇم باھار كۈنى، باش دوختۇرنىڭ ئانىسى ماشىنا ۋەقەسى بىلەن قازا تاپتى. بۇ، زاۋۇتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن ئىشنى توغرىلاشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى ئىدى، چۈنكى بىر ھەپتە ئاۋۋال ئەينەك ئېرىتىش سېخىغا يېقىندا مىللىيلاردىن بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر سايلىنىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ كىمنى كۆرسىتىش ھەققىدە ئىدىيە تەييارلىقى قىلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغانىدى. مەنسەپ تەمەسىدىكىلەر ئۆلۈملۈك بولغان باش دوختۇرنىڭ قارىسىنى ئۇشتاش باھانىسىدە قىممەتلىك سوۋغا-سالاملارنى كۆتۈرۈشۈپ ئايىغى ئۈزۈلمەستىن ئۆيىگە كېلىپ-كېتىپ تۇرۇشتى، (گەرچە، سوۋغا-سالاملار قەتئىي قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ).

ئۇ، شۇ كۈنلەردە، ئەمدىلا ماشىنىلاشتۇرۇلغان زاۋۇتنىڭ ھەر قايسى سېخلىرىدىكى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىش ۋە باشقا تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى باشقىلارغا كېچە-كۈندۈزلەپ ئۆگىتىش بىلەن ھەلەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ياشلىقىدا مەخسۇس مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنىش ۋە يېقىندا زاۋۇتنىڭ قالاق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاپتوماتىك، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شاگىرتلىرى ھەم باشقا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سىستېمىلىق بىلىم ئېگەللەپ كەلگەنىدى. شۇڭا، باشقىلاردەك سوۋغا-سالام ئاپىرىش ئەمەس، ئەقەللىي ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ھال سوراپ كېلىشكەنمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. ئەمما، باش دوختۇر خېلى سەزگۈر بولسا كېرەك، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنى سېخنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا كۆرسەتتى. دەرۋەقە ئۇ، سېخقا مۇدىر بولۇپلا قالماي، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باش دوختۇرىمۇ بولدى-تېخى! ئۇ، مەنسەپ تاجىنى كىيگىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئېھتىياجىنىڭ يەردە قالمىغىنىغا چەكسىز سۆيۈندى. ئۇ، باش دوختۇرغا نەچچە قېتىم ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنىڭ سەممىي تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلماقچىمۇ بولدى، بىراق، بۇنداق قىلىشنى يەنىلا ئەپسىز كۆرۈپ بارمايلا قويغانىدى. مانا ئەمدى. چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش پۇرسىتى ئاخىرى (كۆپ كېچىككەن بولسىمۇ) يېتىپ كەلگەنىدى...

ئۇ، ئەينەك ئالدىدا ساقال ئېلىۋېتىپ، قان تېمىپ تۇرىدىغان، سۆزۈك بىر جۈپ مەڭزىگە كۆزى چۈشتى-دە، ئۆزىنىڭ بىر چاغدا كۆيۈپ قالغىنى ۋە «دوختۇرنىڭ تاتۇق بولۇپ قالدۇ»، دېگىنىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ، كۆيۈپ قالغاندىن كېيىن سەككىز-ئون يىل تاتۇق پېتى يۈزدى، كېيىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا تاتۇق يوقىلىشقا باشلىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنى كۆيۈپ قالغان دېيسە، ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. چۈنكى،

ئۇ تۇگەل ساقايدى، قىلچە تاتۇق ئىزنالى-
رى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش
ئىشداشلىرىنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ تۈگى-
دى، گويا ھېچنەرسە بولمىغاندەك. ۋەھا-
لەنكى، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تۈرىدىغان قىز-
غۇچ چوڭقۇر ئوت تېخى ئۆچكىنى يوق،
بەلكى تېخىمۇ ئۇلغايماقتا...

ئىشكىنىڭ چېكىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى
بۆلۈۋەتتى. ئۇ، گۆشرەك ساقال ئالغۇچىنى
تېز - تېز ئېرىغدىغاچ بېرىپ، ئىشىكنى
ئاچتى. كەلگەن كىشى قۇشنىزات ئاكا
بولماستىن، ئاچ قىزىل گەردىشلىك كۆزەي-
نەك تاقىغان، بۇرنى پاناق بىر ئىشچى
بولۇپ چىقتى. ئۇ، ھەدەپ ھاسىراپ،
ھۆمۈدەيتتى، قارىغاندا جىددىي بىر ئىش
بىلەن پۇت - قوللىرى يەرگە تەگمەي
كەلگەن بولسا كېرەك.

— ئا دىرېكتور، — دېدى ئۇ بىر ئاز-
دىن كېيىن، — چاتاق بولدى، يەك چا-
تاق بولدى!...

— نېمە چاتاق بولدى؟

— ئۇچاق ...، ئوچاقنىڭ ئۈستى سىز
كېتىپلا ناھايىتى يوغان تېشىلدى. شۇجى-
مىز سىزنى دەررۇ چاقىرىپ كەل دەپ
ئەۋەتكەن.

ئۇنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالىدى.
سەۋەبى، بۇ، ئوچاق ئىشلىتىش مۇددىتى-
نىڭ ئاساسەن توشۇپ قالغىنىدىن بىشارەت
ئىدى. ئادەتتە، ئوچاقنىڭ ئۆمرى ئىككى
يىل بولاتتى، بۇ خىل ھەم يەك چوڭ،
ھەم ھەربىرى ئۈچ مىڭ سوملۇق، ئوتقا
چىدامىلىق ئالىي خىشلاردىن سىپلىنىدىغان
بولغاچقا، بىر ئوچاق 45 تۈمەن سوم
بىلەن پۈتەتتى.

ئۇلار زاۋۇتقا تېزلا يېتىپ بېرىشتى،
بۇ چاغدا بىر توپ كىشىلەر سېخنىڭ بىر
چېتىگە جايلاشقان، پۈتۈن ئاپتوماتلىشىپ
كۆمۈر ئورنىدا ماي ئىشلىتىلىدىغان ئوچا-
قنىڭ زال بوشلۇقىغا يانار تاغدەك ئې-
تىلىپ چىقىپ، ئون مېتىرلىق تورۇسقا تې-
گىپ قالاي دېگەن كۈچلۈك ئوت ئەتىرا-
پىغا يىغىلىپ قېلىشقانىدى. ئۇلار، ھەممىسى
باشلىرىنى چايقىشىپ، ئەمدى بۇ ئوچاقنى
يەڭگۈشلىمىسە مۇتلەق بولمايدىغانلىقى
ھەققىدە بەس - بەس بىلەن سۆزلىشەتتى.

— ئابدۇكېرىم، — دېدى شۇجى
جىددىي قىياپەتتە، — سىز كەسىپ ئەھلى،
ئوچاقنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىسىز. ئۆزى-
ڭىز ئۈستىگە چىقىپ تەپسىلىي كۆرۈپ باق-
سىڭىز، تۆشۈكنى ئېتىشنىڭ بىرەر ئامالىنى
قىلغىلى بولامدۇ، بولمىغاندا دەرھال
سانائەت ئىدارىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك يۇ-
قىرى ئورگانلارغا ئوچاقنى ئالماشتۇرۇش
ھەققىدە دوكلات سۇنۇش كېرەك، قاچان
ئوچاق پۈتكۈچە پۈتكۈل زاۋۇت ئىشچىلى-
رى ئۆيلىرىدە دەم ئېلىپ تۇرماقتىن باشقا
ئامال بولمايدۇ - دە، ئەمدى!

ئۇ، چاققانلىق بىلەن تۆمۈر شوتىدىن
ئۈستىگە چىقىپ قارىدى، راستىنلا ئىش
چاتاق بولغانىدى: ئىككى پارچە كېگىز
ئورنىدەك يەر تېشىلگەن، ئۇيەرنىڭ خىش-
لىرى ئوتقا چىداشلىق بىرەلمەي ئېرىپ
چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئوتلار داۋاملىق
دەھشەتلىك گۈركىرەپ يۇقىرى ئېتىلماقتا،
ئەتراپتا ماي ھىدى، تۈتەك ۋە قاڭسىق
شۇلتىلار ئۇچۇپ يۈرمەكتە ... ئۇنىڭ دى-
ماغلىرى غىدىقلىنىپ بىرنى چۈشكۈرۈۋەتتى.
ئۇ بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەپ كۆنۈك-
كەن بولمىسا توختىماي چۈشكۈرۈپ كې-
تىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر،
ئۇ تۆشۈككە خىش قويۇلسا تۇرماي

ئۇدۇل ئوچاقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ تۆگەيدىغىنى ئېنىق!... زادى قانداق قىلىش كېرەك؟...

ئۇ، كۆپ ئويلاندى، بىردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك قاتتىق خۇش بولۇپ كەتتى. توغرا، توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىگە.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا شۈجى ۋە بىر نەچچە يىلەننىڭمۇ ئوچاق ئۈستىگە چىققانىدى، شۈجى ئوتنىڭ تەپتىگە چىدىيالماي، تۆشۈكتىن سەككىز مېترچە نېرىدىكى شوتا تۈۋىگە ئارانلا كېلەلىگەنىدى.

— ئۈمىد بارمۇ، قانداق؟ — تۇۋلىدى ئۇ تۆشۈك يېنىدىكى ئابدۇكېرىمغا.

ئابدۇكېرىم، بېشىنى لىڭشىتتى. شۈجى، ئامال تېپىلغىنىدىن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. شۇغىنىسى، ئابدۇكېرىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئوچاقنى رېمونت قىلىش پىلانىنى ئېيتىشۇدى، بەكلا شۈكلەپ قالدى. چۈنكى، ئابدۇكېرىم، ئاۋۋال تۆشۈكنى تەپسىلىي ئۆلچىۋېلىپ، خىشلارنى پولات سىملار بىلەن بىر-بىرىگە چېتىپ شۇ چوڭلۇقتا تېگىشۈپ ئېلىپ، ئاندىن تۆشۈككە بىراقلا قويۇش پىلانىنى ئويلىغانىدى. بۇ، ئۇنىڭغا كاپالەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر زور تەۋەككۈلچىلىك ئىدى.

ئۇ، كۆپ چۈشەندۈرۈپ باققان بولسىمۇ، شۈجى قايىل بولغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆز پىلانىنىڭ چوقۇم ئەمەلىيلەشىدىغىنىغا ئىشەنگەچكە، بۇ ئىشنى ھۆددىسىگە ئالىدىغىنىنى ئېيتىپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىر پەستىلا تۆشۈك ئۆلچىنىپ بولدى. ئەمما، ئۆلچەش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ نەچچە قات قېلىن كىيىنگەندىن سىرت، مەخسۇس ئوچاقنىڭ ئىچكى قىسمىلىرى تەكشۈرۈلىدىغاندا ئىشلىتىلىدىغان ئوتتىن دالدا قىلىش ئەينىكىنى يۈزىگە تاقىدى. بىراق، ئوچاقنىڭ ئۈستى ھەم تۆشۈك ئەتراپى ئاجايىپ بەك قىزىپ كەتكەچكە، پۇتىدا ئاياغ تۇرۇپمۇ، خۇددى يالاڭ ئاياغ چوغقا دەسسىگەندەك كۆيۈپ ئۇزۇنىراق دەسسەپ تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغاچقا، تاقلاپ يۈرۈپ بىر ئىش قىلدى.

ئىشچىلار بىر-ئەر سائەتتەك ھەپىلىشىپ، تۆشۈك ئۆلچىمى بويىچە خىشلارنى بىر پۈتۈن ھالەتتە تېگىشىپمۇ بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېگىشلىگان بۇ ئېغىر ھەم يوغان بىر پۈتۈن خىشنى تۆشۈككە قانداق قويۇش مەسىلىسى تۇراتتى. ئۇ، بۇ مەسىلىنىمۇ ئىچىدە ئاللىقاچان ئويلاپ قويغانىدى.

خىش يوغان زەنجىر بىلەن باغلاندى، ئاندىن ئابدۇكېرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوچاق تۈۋىگە يۆتكەپ كېلىندى، ئۇ زەنجىرنى ئون مېتر ئېگىزلىكتىكى تۆم پولات لىمغا ئۆتكۈزدى. شۇنداق بولمىغاندا، نەچچە توننا كېلىدىغان بۇ ئېغىر خىش چاتمىسىنى ئوچاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوچاق ئۈستىدە تۇرۇپ، پەستىكىلەرگە قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى. خىش ئاستا كۆتۈرۈلدى، پەستىكىلەر لىمدىن ئارتىلدۇرۇلغان زەنجىرنى «ھە - ھۇ» دەپ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تارتاتتى. ھەر بىر تارتىشتا بىر غېرىچتىن، بىر غېرىچتىن كۆتۈرۈلۈپ يۈرۈپ ئاخىر ئوچاق بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە (4·5 مېترچە) كۆتۈرۈلدى. ئەمدى، ئۇ خىشنى تۆشۈككە پەم بىلەن قويۇش كېرەك ئىدى. ئۇ، «ئوڭغا، سولغا، ...

دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ داۋاملىق قوزغاتـ
دانلىق قىلاتتى.

بىر چاغدا خىش تۆشۈككە يەم بىلەن قويۇلدى. ۋاھ، غەلىبە قىلدى، ئۇ غەلىبە قىلدى، ئۇلار غەلىبە قىلدى!... يوقىرى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك ئوت بىرئاقلا ئۆچكەندەك غايىب بولدى. ھەممە بىردەك خۇشاللىنىپ ھۇررا! دەپ سەكرىشىپ تەنتەنە قىلىشتى!...

بۇ ھەرگىز ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئوچاق، ئوڭۇشلۇق رېمونت قىلىندى، بىر يىللىق ئۆمرى ئۇزارتىلدى! ئوچاقنىڭ بىر يىللىق ئۆمرى ئۇزارتىلدى دېگەنلىك، توپتوغرا 22.5 تۈمەن سوم تېجەلدى دېگەنلىك ئىدى.

ئۇ، ئىشنى تۈگىتىپ ئېنىق ئىشىكىدىن چىققاندا، ئاللىقاچان كېچە بولۇپ كەتكەنىدى. قىزدىق، شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنمۇ باش دىرېكتورنىڭ ئۆيىگە بېرىش نېسىپ بولمىدى...

ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىندى: تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنمىغاچقا، شاڭخەي شەھەرلىك چايدان ئىشلەپچىقىرىش باش زاۋۇتىنىڭ بىر قىسىم تېخنىكلىرى تەكلىپ قىلىندى، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس چايدان زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. ھەم يىلدا يەل بېسىملىق چايدانلارنى كۆپلەپ ئىمپورت قىلىش توختاملىرى تۈزۈلدى.

1980 - يىللىرى ماشىنىلاشتۇرۇلغان بۇ زاۋۇت تۆت يىلغىچە نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقاردى. بىراق، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك تېز بولماستىن، بازاردىكى كاساتلىشىدىغىنىنى كىم بىلسۇن؟ مەھسۇلات سۈپىتى ئۆلچەمگە تازا توشمىغاچقىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىش قىلىپ مەھسۇلاتلار ئىسكىلات، ئامبارلاردا توپا بېسىپ تاغدەك دۆۋىلىنىپ يېتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر يىلىلا زاۋۇت 45 تۈمەن سوم زىيان تارتىپ، ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى تولۇق تارقىتىپ بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇ ھال رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى، ئالمىشىشىغا سەۋەب بولدى (بۇ نۆۋەتتىكى ئالمىشىشتا ئۇ زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا ئۆستۈرۈلدى). 1985 - يىل، يۇقىرى ئورگانلار ئالدىنقى يىلدىكى 45 تۈمەن سوم زىياننى 15 تۈمەن سوم زىيانغا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى بىلەن زاۋۇتنى ھۆددىگە بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسى ۋە تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىنغاچقا، شۇ يىلى زاۋۇت زىيان تارتقان 45 تۈمەن سومنى 15 تۈمەنگە چۈشۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتكە 30 تۈمەن سوم ساپ پايدا تاپشۇرالىدى.

(بېشى 18 - بەتتە)

نام ۋە مەنسەپكە ئېرىشتىڭ، بولدى ئەمەسمۇ» دېيىشتى. ئۇ رەددىيە بېرىپ: «مەن مەڭگۈ ئۆزۈمنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ چارچىمايدىغان ئادەممۇ؟ ياق، ئۇمۇ ھەر كۈنى ھېرىپ-چارچاپ ئىنچىدە ئۆيىگە قايتىدۇ. پۈتۈن جاھان قاراڭغۇ، جىمجىتلىققا چۆمگەندە، ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ كۆزىنى يۇمغانچە خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇيدۇ. «ئۇلۇغ پارتىيە... پارتىيە بولمىسا مەنمۇ يوق» دېگەن سۆزلەرنى پىچىرلايدۇ.

ئۇ ھەقىقەتەن ئىپادىلار ئىچىدىكى ئەزىمەت!

# يۇمشاق ئالتۇن مەستانىسى

(ئالىي ئىنژېنېر، ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىمى ئېرشاتنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن)

ئابلىكىم باقى

كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن غەيرەت ۋە ئىرادىنىڭ قۇدرىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. نىشانغا يېقىنلاشقاندا يول تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇ چاغدا شارائىت ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىدۇ.

مەن 18 يىللىق ئىزدىنىش، تەتقىقات ئارقىلىق ئۆچكە تىۋىتىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى دۇنيادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزۈپ، خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلىنىۋاتىمەن. ئەمدى مۇنتىزىم ئىش بېجىرىش ئورنى، ئىشلەپچىقىرىش فېرمىسى، تىۋىتلىك ئۆچكە تەتقىقات شۆبىسى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە!

ئېرشات مالىك

— تەبىئىي پەننىڭ تەتقىقات چوققىلىرىنى ئاللىقاچان غەرب ئالىملىرى ئىگەللەپ بولغان. مىڭلىغان خەنزۇ ئالىملىرىمۇ ئىزدىنىۋاتىدۇ. بىزگە ھېچنېمە قالمىدى. بالىلارنى تەبىئىي پەندە ئوقۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، — بۇ 1971 - يىللارنىڭ ئاخىرى غەپلەت تۇمانلىرى تارقاپ، ئەقىل قۇياشى رۇخسارىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان دەۋردە، قەلبىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن ھەر بىر ياشنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇنازىرە تېمىسى ئىدى.

— ياق! ئالەمنىڭ سىرلىق قۇلۇپى تېخى ئېچىلمىدى. ھەر قانداق ھۆكۈملەرمۇ مۇتلەق ئەمەس. ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ ياتقان ھېسابسىز بايلىق كۆمۈلگەن بۇ ماكانىمىزدا چەكسىز تەتقىقات تېمىلىرى بار. ئەقەللىي بىر تال دان، بىر ياپراق، بىر تال موينىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — بىر ئۆمۈر كىتاب ئىچىدە يۈرگەن پېشقەدەم مائارىپچى ئۆزبېك مەخمۇت مالىكنىڭ مۇلايىم ئەمما كەسكىن ئېيتىلغان بۇ سۆزىگە ئەتراپتا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرسىمۇ قارشى چىقالمىدى. بەزىلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن جىم بولۇشتى. ياش ئوقۇتقۇچىلار بولسا ئۇنىڭ چەكسىز كائىناتتەك سۈپسۈزۈك كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرىنى كۆرگەندەك بولۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

مەخمۇت مالىك كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئايالى ۋە ئون بالىسى بىلەن ياشايتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بالىلىرىغا قاراپ:

— بالىلىرىم، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئاپاڭلار بىلەن ئىككىمىز پۈتۈن ھاياتىمىزنى سەرپ قىلىپ سىلەرنى تەربىيەلەپ مۇشۇنچىلىك قىلدۇق. مېنىڭ سىلەرگە بېرىدىغان بىلىمدىن باشقا ھېچقانداق مىراسىم يوق. بىلىمنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنسەڭلارلا ھېساپسىز بايلىق ئۆزى كېلىدۇ. ھېچيەردە خارلانمايسىلەر، — دەپ سەممىي ۋەسىيەت قىلدى.

ئۆمۈرلۈك رىيازەت كەچمىشلىرىنى ۋە مائارىپ سېپىدىكى ھالال ئەجرىنى ئاخىرلاشتۇرغان مەخمۇت مالىك ئائىلىسىدە سەكراتتا ياتاتتى. ئايالى ۋە ئون پەرزەنتى ئۇنىڭ بېشىدا قايغۇلۇق تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

— خاتىرجەم يېتىڭ مەخمۇت ئەپەندى، بىز سىزنىڭ ئىز باسارلىرىڭىز، خۇشخەۋەر، بۈگۈن ئىككى بالىڭىز ئالىي مەكتەپكە تاللاندى، يەنە ... — تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزگەندە مەخمۇت مالىك ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۈلدى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىغلىدى. ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى قىلدى:

— رەھمەت، ئەمدى خۇشخەۋەرلەرنى لۇتفىيە ئاڭلايدۇ، بالىلارنىڭ ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى لۇتفىيە كۆرىدۇ.

ئۇ كۆز يۇمدى! ئۇنىڭ لەۋلىرى كۈلكە تەبەسسۇمىدا يېنىك تىترەيتتى. ئون بالىنىڭ ئالىي مەكتەپ دىپلومىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆڭۈل ئېكرانىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گەۋدىلىنىپ ئۆچتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامچە-تامچە ياشلار مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈپ لېۋىدە توختىدى. ئۇ ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلغان ئاشۇ كۈنلەرنى كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەتلىنىپ يىغلىغانىدى.

يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى. پەرزەنتلەرنىڭ ئاھى پەلەككە يەتتى. مېھرىبان ئانا — لۇتفىيە بالىلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ داۋامىدا ئەمدى يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ چوڭ ئوغلى ئىرشاتقا ئۈمىد بىلەن قارىدى. ئىرشات دادىسىنىڭ مۇبارەك دىدارىغا ئاخىرقى قېتىم تىكىلگىنىچە قايغۇ-ھەسرەت، ئۈمىد-ئارزۇ، ئىرادە-قەسەمياتتەك چىگىش پىكىرلەر قاينىمىدا ئويلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى گويا تاشقىن بولاقتەك بۇلۇقلاپ يىغلىماقتا ئىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا! ئاپامنى خۇددى سىزدەك ئەزىزلەيمەن. ئۇكىلىرىمنى خۇددى سىزدەك كۆيۈنۈپ تەربىيەلەيمەن. كۈتكەن ئۈمىدىڭىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!

ئون ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇپ ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمۈر بويى پەخىرلىنىپ ماختىنىدۇ. ھېساپسىز شان-شەرەپلەرگە ئېرىشىدۇ. قايسىبىرىنىڭ شۇ سەۋەبتىن مەنسەپلەرگە ئېرىشكىنىنىمۇ ئاڭلىغانىمەن. ئون بالىنى تۇغۇپ، بېقىپ، تەربىيەلىگەن ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە قىلغان مېھرىبان ئانىنىڭ شان-شەرىپى كۆپىنچە تەرىپلەنمەيدۇ. بىر ئۆمۈر ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ پەرزەنتلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئانا — ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان. ئەڭ پاك ئىنسان. يۈكسەك شان-شەرەپ تاجىنى تاقاشقا ھەقلىق كىشى.

پېشقەدەم مائارىپچى، كۆيۈمچان ئانا — لۇتفىيە 40 نەچچە يىل ئىچىدە مىڭلىغان بالىلارنى مەكتەپتە تەربىيەلىدى. ئون

بالىنى ئائىلىدە يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ يىلـ
لار قايىنىمىدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتـ
لىرى، جاپا - مۇشەققەتلىرى ۋە ئېغىر كۆلـ
پەتلىرى ھېسابىغا گەرچە ياش چېغىدىكى
گۈزەل رۇخسارى ئاستـا - ئاستا يوقىلىپ
ياشىنىشقا باشلىغان بولسىمـۇ، ئەمما ئەـ
قىللىق، ئەخلاقلىق، بىلىملىـك ئـون بالا
قاتارىغا قوشۇلدى. خـۇددى بـالىلارنىـڭ
پەدەرى ئېيتقىنىدەك، ئۇ ئەجرىنىڭ مېـ
ۋىسىنى تېتىدى. ئۇنىڭ ئارزۇ بوستانىدا
تۇنجى قېتىم چېچـەكلىـگـەن غـۇنچىسـى
ئېرشات ئىدى.

ئېرشات ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەمىمە پەنـ
لەردە ئەلا ئوقـۇدى. ئۇنىڭ كۈندىلىـك
مۇنتىزىم تۇرمۇش ئادىتـى، سـاۋاقداشلار
ئارا ئىناق مۇناسىۋىتـى، كىشىلىك مۇناـ
سىۋەتتىكى ئەدەب - ئەخلاقى ھەممىنى ھەيـ
ران قالدۇراتتى. ئۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىـ
سىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
بويىچە رېكـورت يـارىتىپ 2 - نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىـ
شىپ مۇكاپات ئېلىـپ كەلگەندە ئوقۇتقۇـ
چى - ئوقۇغۇچىلار ئۇنى چـوقۇم تەنھەرىـ
كەتچى بولىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتى.

بىزدە كەسپىي غايىسىنى ئۆزى تاللاش
ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. ئوتتۇرا مەكـ
تەپتىكى قايسىبىر مـۇزىكـا ھـەۋەسكـارىـ
نىڭ مېدىتسىنـا شۆيـۈەنىگـە تـەقسىم قىـ
لىنىپ دوختۇر بولۇپ قالغانلىقىنى، قايـ
سىبىر شائىرچاقنىـڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا،
قايسىبىر خىمىيە ھەۋەسكارىنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنىپ قالغانلىقىنى
كـۆپ ئـاڭـلىغانمەن.

ئېرشاتنىڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىـ
لىك شۆيۈەنىگە تەقسىـم قىلىنغانلىقى ئۇـ
نىڭ كەسپىي ئارزۇسىنـي كـۈنكرېتلەشتۈـ
رۈشنىڭ تۇنجى دەرۋازىسىنى ئاچتى، ئىنـ
سانىيەتكە بەخت يـارىتىش دېـگـەن بـۇ
ئابستراكت چۈشەنچىنى ئەمـدى ئـۇ يېزا
ئىگىلىكى ئارقىلىق دېگەن كونكرېت ئۇقۇم
بىلەن ئىزاھلىدى. سىستېمىلىـق دەرسلىك
يېرىم يولدا توختاپ قالدى. لەنىتى مەـ
دەنىيـەت ئىنقىلابـى بورىنـى مەكتەپنى،
سىنىپنى ئۇچـۇرۇپ كەتتى، توپا - توزان
ئىچىدە مەقسەت، غايە - نىشان دېگەنلەر
كۆرۈنمەي قالدى. ئەمـما ئېرشات ئـازـ
مىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىـدە مەقسىتـى ئېنىـق
ئىدى. قەلبىدە غايـە ئـوتـى لاۋۇلـداپ
يېنىپ تۇراتتى. مېڭىسىدە نىشان يۇلتۇزى
يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ كىتابلار دۆۋىسىگە
ئۆزىنى ئاتتى. ئىزدەندى، تىنىماي ئۆگەنـ
دى، كىچىكىدىنـلا ئـادەتلەنگـەن بـەدەن
چېنىقتۇرۇش ئۇنىـڭ ۋۇجۇدـدا تەبىئىي
ئىرادە تىكلەشنىـڭ مۇستەھكـەم ھۇلىنـى
قۇرغانىدى.

ھەرنېمەت دېگىنىدىكى بىر تال مەرۋاـ
يىتتەك كۆرۈنگـەن يېـزا ئىگىلىك بىلىمىـ
نىڭ ئەمەلىيەتتە چەكسىز بىلىم كانى ئىـ
كەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ھەممىنى ئۆـ
گەندى، دۇنيانىڭ، جۇڭگونىڭ، شىنجاڭـ
نىڭ، ئۇرۇمچىنىڭ، بـۇرۇنقى، ھازىرقى،
كەلگۈسىدىكى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،
باغۋەنچىلىك ... نىمىشكىـدۇر ئۇنىڭ ئىـ
گىلىگەن بىلىملىرى ئۆگەنگەنسېرى كېڭىيىپ،
ئىزدەنگەنسېـرى چـوڭقـۇرلاپ ۋە تەتقىق
قىلغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ زادىلا ئۇنىڭغا
ئۇتتۇق بەرمەيتتى. ئۇ گۈلزارلىق باغ ئىـ
چىدە نۇرغۇنلىغان نازاكەتلىك، گۈزەل ھۆرـ
پەرىلەرگە ئۇچرىدى. پەرىلەرنىڭ ھەممىـ
سى ئۇنىڭغا ناز بىلـەن ئەركىلەپ ئۇنى
مەھلىيا قىلاتتى. گۈزەل رۇخسارىنى كۆزـ
كۆز قىلىپ ئۇنى باغـرىغـا چـاقىراتـتـي،

سېھىرلىك كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ ئۇنى جەلپ قىلاتتى. ھەي ئىسىت، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلكىمگە ئېلىش نېسىپ بولسا ... بىراق، خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى بىر - دە. ئەلۋەتتە كۆڭۈلنى بىرىگە بېرىش كېرەك.

1968 - يىلى ئېرشات مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى سەيئۇپۇدىكى ئاق تېرەك يېزىسىدا قايتا تەربىيىگە چۈشتى. كۆپلىگەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئويىدا قايتا تەربىيە دېمەك شەھەرگە قايتىشنىڭ، ياخشى بىر خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى ئىدى. شۇڭا پەزىلەر «جان بېقىش پەلسەپىسى»، «مۇناسىۋەت ئىزلەش تاكتىكىسى»، «ئارقا ئىشىك نەزەرىيىسى» دېگەندەك مۇھاكىمىلەردىن باشقا ھېچنېمىگە قىزىقمىدى ياكى «ياشلىق دەۋرىنى زايا قىلىۋەتمەسلىك» ئۈچۈن مۇھەببەت كوچىلىرىدا غەزەل ئېيتىپ يۈردى. ئېرشات بولسا ھېلىقى پەرىلەر ئىچىدىن ئۆز جانانىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى، بەخت - سائادىتى ۋە ئىشقى - ھەۋىسى ئۈچۈن ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشى — كونكرېت ئېيتقاندا خەلقنىڭ، يۇرتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن جانان تاللىماقتا ئىدى. پاراكەندىچىلىك يىللىرىدىن يالداما بولۇپ قالغان دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، ھايات غۇربەتچىلىكى، روھىي ئاچارچىلىقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى. «ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقىم ھايات ئۈچۈن، بەخت - سائادەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ كەلدى. ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىش كېرەك. پەقەت پەن - تېخنىكىغا تايانغاندىلا بېيىغىلى بولىدۇ! قېرىنداشلار، يۈرۈڭلار، مەن بىلەن مېڭىڭلار.* بىز باي بولايلى! باشقىلاردىن ئېشىپ كېتەيلى!» ئېرشات ئەقىل - پاراسىتىنى نۇرلۇق مەشئەل قىلىپ، بېيىش يولىدا ئىزدىنىش داۋانىغا ئەتراپىدىكىلەرنى باشلاپ ياماشتى.

بۇ ئۇنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش يولىدىكى بىرىنچى قەدىمى ئىدى. ئۇنىڭ تەتقىقات دالاسىدا ئىزلىگەن جانانىنىڭ ھايۋانات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىسىڭىز كۈلۈپ كېتەرسىز؟! ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىنى شۇلارغا بەردى. ھېلىقى يوغۇرۇش ماھىرىنىڭ ھۈنىرى ئەمدى كېرەك بولۇپ قالدى. چەكسىز ساي - جىلغىلارنى، ئېگىز تاغ - داۋانلارنى، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ ئارىلاپ يۈرۈپ قوي - كالا، ئۆچكىلەرنى داۋالاش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىش، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتىشكە ئوخشاش ئېغىر مۇشەققەتلىك ئەمگەك ۋە تەتقىقات باشلىنىپ كەتتى. قانچىلىغان كېچىلەر ئۇيقۇسىز كىتاب كۆرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. قانچىلىغان كېچىلەر چۆلدە، يولدا ئۆتتى، قانچىلىغان كېچىلەر قوتانلاردا ئۆتتى. ئۇ كونسىناپ ھاياتىنى پىدا قىلىش ھېسابىغا بېيىش يولىنى ياساۋاتاتتى.

1971 - يىلى ئېرشات بىر تالاي بىرىنچى قول ماتېرىياللار سېلىنغان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇ دەسلەپ ئازابلاندى. چەكسىز يايلاقتىن، سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىدىن، بەرىكەتلىك «جانان»لىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيمىغان، ئىشخانىدا سولىنىپ ئولتۇرۇپ

گېزىت، كىتاب، يىغىندىن باش كۆتۈرەلمەي قېپىلىشتىن ئەنسىرىگەنىدى. ئەمما ئىشقا چۈشۈپلا مەسىلە ئايدىڭلاشتى.

«ھەي ئېرشات، يالغۇز كىچىككىنە ئاق تېرەك كەنتىدىكى ئازغىنە كىشىلەرنى بېيىتىشنىڭ كويىدىلا يۈرەمسەن؟ قالغان قېرىنداشلىرىڭچۇ؟ تېخىمۇ كۆپرەك كىشىلەرنى بېيىتىش ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭراق ئىشلارنى قىلغىن!» بۇ سادانىڭ قەيەردىن، قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇ دەرھال ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ ئاۋاز رېئاللىقنىڭ بۇيرۇقى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، شارائىتنىڭ ئىلتىپاتى ئىدى.

ئۇ ئۆگەنگەن بىلىملىرىگە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ «مال دوختۇرلۇق دەرسلىكى» تۈزۈپ 50 تەك تايانچ تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ھەتتا تۇرپان، توقسۇنلارغا بېرىپ دەرس ئۆتتى. شەھەر بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنى تەۋەللىككە ئايرىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ئۇ بىر كۈنى سەھەردە كوچا ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. كوچا دوقمۇشىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سۈت ئېلىۋاتاتتى. سۈت ساتقۇچى سۈتنىڭ يېتىشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاز بېرىۋاتاتتى. بەزىلەر نارازى بولۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى. كۈتۈلمىگەندە سۈت تۈگەپ كەتتى. سۈت تەگمەي قالغان بىر كىشى ئايالى ئاغرىق بولۇپ، ئەمچەكتىكى بالىسىغا بېرىدىغان سۈت يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ زارلاپ كەتتى. ئېرشات بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خۇددى چۈشىنى يەۋالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ يۈگۈرمەكتە. ھەربىر قەدىمى «كالا، سۈت، بالا» دېگەن رىتىملىق ئاۋازنى ياڭراتماقتا ئىدى.

دېمىسىمۇ شەھەر ئاھالىلىرىنى سۈت بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش شەھەرنىڭ باش قاتۇرۇۋاتقان مۇھىم مەسىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئېرشاتنىڭ بىرنەچچە يىلى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلىندى.

بېيجىڭدىن كەلتۈرۈلگەن نەسىللىك بۇقىلارنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن ئۇرۇقچى كالىلىرى نەسىللەندۈرۈلدى. بۇ تۇنجى قېتىملىق ئىلغار تېخنىكا ئىدى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇقىلارنىڭ نەسىللىك قىممىتىنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتىش، كالىلارنى يۇقىرى قىممەتتە بار يەم-خەشەكلەر بىلەن بېقىش، موزايلارنى بالدۇر سۈتتىن ئايرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىنچىكە تېخنىكىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ 1987-يىلىغا كەلگەندە ئۇرۇقچىدىكى كالىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە بىرلىك سۈت مىقدارىنى 5600 كىلوگىرامغا يەتكۈزۈپ بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ كالىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك سۈت مىقدارى مەملىكەت بويىچە رېكورت ياراتتى.

مەملىكىتىمىز نەسىللىك چىپار كالا يېتىشتۈرگەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىغاندا، تۆھپىكار ئېرشاتنىڭ نامى شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ 1-دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك 1-دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دۆلەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالتۇن مېدال ئۇنىڭ كۆكسىدە پارلىدى.

تۆھپە، ئۇنۋان، مەنسەپ گىرەلىشىپ كەتكەن كىشىلىك جەمئىيەتتە ئادەم

ئاچايىپ ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ھېچبىر ئىلمىي ۋە ھەقىقىي تۆھپىسى بولمىغان بەزىلەرنىڭ پالانى ئۇنۋان، پوستانى مەنسەپ تاجىسىنى كىيىپ، گېدىيىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالىمىز. قايسى بىر دەۋرلەردە توغرا ياكى خاتالىقى ئايرىلمىغان ھەرىكەتلەردە ئاغزاكى تۆھپىسى ئۈچۈن ئاتلاپ ۋە قاتلاپ دەرىجىگە ئېرىشىپ جان بېقىپ يۈرگەنلەرنى ئۇچرىتىپ خىيالغا پاتىمىز. ئۆمرىدە بىرەر قېتىم تاسادىپىي خىزمەت ياكى ئەرزىمىگەن تۆھپە ئارقىلىق بەدەلسىز ئامەتكە ئېرىشىۋېلىپ، ئۆمۈر بويى كونا دەسمايىسىنى يەپ، كاتەكنى بوشاتماي ياتقان كۆرۈك مىكيانلارنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئازابلىنىمىز.

ئېرشات ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرى ئۈچۈنلا تېگىشلىك ئۇنۋان، مەنسەپ ئېلىشقا ھەقىقىي مۇناسىپ ئىدى. ئۇ تېگىشلىكىنى ئالدى. دەرىجە ھالقىپ ئۇنۋانغا ئېرىشتى، كىنىشكىسىنى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ، ئەتىسىلا ئۇنى ئۇنتۇدى. تەكلىپ قىلىنغان مەنسەپلەر، جەلپ قىلارلىق ماشىنىلار ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغان شان-شەرەپلەر، مېدال-تەقدىرنامىلەر، ئۇنۋانلار ... ھەممىسى گويا رەھىمسىز قامچا رولىنى ئويناپ ئۇنى توختىماي ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلدى.

مەن ئېرشاتنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە ئوماق، زېھنى ئوچۇق بالىلار مېنى قارشى ئالدى. ئازادە بېزەلگەن ئۆي ئىچى ئاددىي ئەمما كۆركەم ئىدى. بالىلارنىڭ بىرى مۇزىكا ھەۋەسكارى بولسا كېرەك، ئېلېكترونلۇق مۇزىكا چېلىۋاتاتتى. يەنە بىرى ئون نەچچە كۈندىن بېرى دادىسىنىڭ ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. دادىسىنى بىرەر كۈن كۆرمىگەن قىزچاقنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئەمما بۇ بالىلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئادەتتىكىدەكلا جاۋابىدىن، ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان كۆنۈپ قالغانلىقىنى، ئون كۈنلەپ ئۆيدە بولماسلىق دادا ئۈچۈن كەسپىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇدۇلدىكى تامغا سەپسالدىم. تام ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەتلىك ياۋا ئۆچكىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن، مېتالدىن ئىشلەنگەن كۆپتۈرمە سۈرەت ئېسىقلىق تۇراتتى. ياۋا ئۆچكىنىڭ سۈرلۈك مۈڭگۈزى خۇددى قوش شەمشەرگە ئوخشايتتى. كۆزلىرى يىراققا تىكىلگەن، پۈتۈن تېنى ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

مەن ئۆزۈمچە ئويلىنىپ قالدىم. كىشىلەر بولسا مۇنداق جايغا ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. مەنمۇ خۇددى شۇنداق جايغا خوتۇنۇم بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرىتىمنى قويۇپ قويغانمەن. قىزىق، ئېرشات بولسا ئاشۇ ياۋايى ئەمما قەيسەر ھايۋاننىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇ سۈرەت بىرىنچىلا كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ياۋا ئۆچكىنىڭ يىراق ۋە جاپالىق تاغداۋانلاردا ياشىشى، ھېچقانداق توسقۇنلۇقلارغا باش ئەگمەي قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە ھېچكىمگە تۇتۇق بەرمەي تىنماي يۈگۈرۈشى ئېرشاتنىڭ روھى ۋە ئىرادىسىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە!

ئېرشاتنىڭ خوتۇنى رابىيە خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ئىشتىن يېنىپ كەلگەنىدى.

شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىنى پۈتتۈرۈپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋاتقان رابىيە تۇرقىدىن خېلىلا ھارغىن كۆرۈنسىمۇ ئەمما روھى تولىمۇ تېتىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادەتتە ئاياللارغا ئۇدۇم بولۇپ قالغان «قارىماسىز، مانا ئۆي ماڭا قالدى، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق» دېگەندەك زارلىنىش سۆزلىرىنى كۈتكەنىدىم. ئەكسىچە بولدى. ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىگە بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئورتاق پەخىرلىنىدىكەن. 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا پۈتۈن خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن تاشقىرى ئائىلىنىڭ ھەممە ئېغىر چىلىقلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ. بالىلارنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. ئېرشاتنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى رەتلەش، ئىلمىي ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈش ئىشلىرىدا ھەممىنە پەس بوپتۇ. ئۇ زارلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆز خىزمىتىدە ئېرشاتتەك نەتىجىلەرنى قازىنالمىغىنىغا ئۆكۈنۈپ «بىر ئائىلىدە بىرسىنىڭ ئوقۇتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىككىنچى بىرسى قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن» دېگەن قارىشىنى تەرىپلىدى.

دەۋرەقە، پۈتۈن زېھنى، ئۆمرىنى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان ئەرلەرنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى خوتۇنىنىڭ ھالال تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. ئېرشاتنىڭ بەش بۇرجەكلىك ئالتۇن مېدالىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى بۇرجىكى رابىيەگە مەنسۇپ ئىكەن.

مەن ئېرشاتنى ئىككىنچى قېتىم ئىزلەپ كەلگىنىمدە، ئۆيدە ئۇچراشتىم. كەچ بولۇشىغا قارىماي ئۇ بىر كەسپدىشى بىلەن تەتقىقات خىزمىتى ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقانىكەن.

— كەچۈرسىلەر، — دېدى ئۇ بىزنى سېخىيلىق بىلەن راسلانغان مول داستىخانغا باشلاپ، — چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار، ئازراقلا ئىشىم بار ئىدى، پۈتتۈرۈۋېتەي.

ئۇ قاندىقتۇر بىر ماتېرىيالنى ئىزلەۋاتاتتى. ئۆيدە ئوندەك سەپەر سومكىلىرى تۇراتتى، ئىچىگە بولسا پۈتۈنلەي يازما ماتېرىياللار، قاندىقتۇر ستاتىستىكا جەدۋەللىرى، چۈشىنىپ بولمايدىغان سان سىفىرلىق مەلۇماتلار... قاچىلانغانىدى. بالكون، ئامبارلارمۇ شۇنداق ماتېرىياللار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. مەن ھەيران قالدىم. بۇ قانداق تەتقىقاتچىدۇ؟

مەن كۆرگەن تالاي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاجايىپ كەتتاشا ئىشخانىلىرى بار ئىدى. قاتار - قاتار ئىشكابلاردا كىتابلىرى، ماتېرىياللىرى رەتلىك تىزىلىپ تۇراتتى. يەنە قەۋەت-قەۋەت بىخەتەر ساندۇقلىرىدا تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە نەرسىلىرى ساقلىناتتى. ئازادە ئۆيلىرىدىمۇ مەخسۇس خانىلىرى بولۇپ ئەسەرلىرى ساقلىناتتى.

چۈشەندىمكى ئېرشات ھازىرغا قەدەر ئۇنداق قولايلىق شارائىتقا ئېرىشەلمەپتۇ.

ئېرشات ئېغىر سومكىلىرىنى يۆدۈپ، چارۋىچىلارغا شەخسىي پۇلىدىن چىقىم قىلىپ خەجلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ خەلقئارا سەۋىيىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەت تەتقىقات ئۈچۈن تالاي بىنا، ماشىنا، خىراجەتلەرنى ئاجرىتىپ، باشقارما، بۆلۈم، مەركەزلەرنى قۇرۇپ مەنسەپ ئۇنۋانلارنى بەلگىلەپ قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاپ

بەرگەن بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي يۈرگەنلەرمۇ بار-دۇ-ھە؟! ئۇلار ئۆز زىممىسىدىكى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالامدىغاندۇ؟ خەلقنى بېيىتىش ئورنىغا خەلقنىڭ تاپقىنىنى زايە قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلامدىغاندۇ؟

سافادا تىزىقلىق تۇرغان تۆت پارچە ئەلبومغا كۆزۈم چۈشۈپ قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئەلۋەتتە بۇ ئالبوملاردىن ئېرشاتنىڭ بىر قىسىم ھايات كارتىنىلىرىنى كۆرىمەن. ھېچبولمىغاندا ئائىلە سەپەر خاتىرىلىرىنى ئۇچرىتىمەن، دېگەن ئۈمىدتە ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

يا پىر... بۇ نېمە ئىش؟! ئۆمرۈمدە مۇنداق ئائىلە ئالبومىنى كۆرمىگەنمەن. ھەممىسىلا ئۆچكىمۇ؟ تۆت ئالبومنىڭ ھەممىسىدىلا ھەرخىل ئۆچكىلەرنىڭ سۈرەتلىرى تۇراتتى. «ئەنقەرە تىپى»، «لياۋنىڭ نەسلى»، «شىنجاڭ ياۋا ئۆچكىسى»، «شىنجاڭ ياۋا تېكىسى»، «1-ئەۋلاد تېكە نەسلى»، «1-ئەۋلادنىڭ ئوغلاقلىرى» سۈرەت ئاستىدىكى خەتلەردىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. دېمەك، ئېرشات ئەمدى ئۆچكە شۇناسلىققا قەدەم تاشلىغانىكەن-دە!

ئېرشات ماڭا شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قۇرغاق رايوننىڭ چۆللۈك، يېرىم چۆللۈك ئالاھىدىلىكى، ئۆچكىنىڭ ئالاھىدە ماسلىشىشچانلىق ئىقتىدارى ھەمدە ئۆچكىچىلىكنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ 1978-يىلىدىن باشلاپ ئۆچكە نەسلىنى ياخشىلاش بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— مانا بۇ ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى شىنجاڭ ياۋا تېكىسى، بۇ ئۇنىڭ بالىلىرى، بۇ نەۋرىلىرى، بۇ چەۋرىلىرى... ھازىر ئۇنىڭ ئىككى مىڭدەك ئەۋلادى بار، — ئۇ سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. 5—4 ئەۋلاد ئائىلە تەزكىرىسىنىمۇ تۈزۈكرەك بىلمەيدىغان مېنىڭدەك بىر كىشىگە ئۇنىڭ ئۆچكىلەرنى يەتمىش پۈشتىغىچە تۈرى، تىپى، تىۋىت مىقدارى، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى، ئېغىرلىق ئۆلچىمى بويىچە ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشى تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

— مانا بۇ، تۇرپاندىكى چارۋىچىلار دەسلەپ تۇتۇپ بەرگەن شىنجاڭ ياۋا تېكىسى، ئەپسۇس ئۇ ئۆلۈپ قالدى، — ئېرشاتنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئاستىنقى ئېڭەكلىرى تىترىمەكتە، كۆزىدىن ياش تامچىماقتا ئىدى.

مەن ئۈچۈن ئەرزىمەس بىر ياۋايى ھايۋاننىڭ ئۆلۈمى ئۇنى چوڭقۇر قايغۇغا گىرىپتار قىلغانىدى. تۇيۇقسىز يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا، ۋۇجۇدۇم ھاياجان ئىلكىدە تىترەشكە باشلىدى. مەن شۇ كۈنگىچە ھېس قىلمىغان بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم. ئىست، پاك مۇھەببەت، چىن سۆيگۈ، مەڭگۈلۈك ئەقىدە... ھەققىدە تالاي يىل گەپ سېتىپ يۈرگەنلىرىم، ئەمدى چۈشەندىم.

ئۇنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىسىدىن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئىستەكلەر، بۈيۈك مەقسەتلەر ۋە ئىشەنچلىك ئىنتىلىشلەرنىڭ نۇرى چاقنىماقتا ئىدى. ئۇ ئەلنى بېيىتىش يولىدا بارلى-

قىنى ئۇنتۇغان، ھاياتىنى بېغىشلىغان، پۈتۈن مېھرىنى تەقدىم قىلغانىدى...

ئېرشات يەرلىك ئۆچكىلەرنى تاللاپ نەسلىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئاق تېرەك كەنتىگە كىچىككىنە تەجرىبە «پونكىتى» قۇردى. بۇ پونكىت ئەگەر ئەسلىنى يوقاتمىغىنىدا ھەققەتەن مۇزېيغا قويۇشقا لايىق «پونكىت» ئىدى. ئۇ يۈك ـ تاقىسىنى كۆتۈرۈپ كۆچۈنۈپ كەلگەندە بۇ ئۆي پەقەت ئىشىك ـ دېرىزىسىنىڭ تايىنى يوق، ئۈستى قوپال يېپىلغان تۆت تام ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا بۇ قوتان ئىدى. ئېرشات قات ـ قات دۆۋىلىنىپ كەتكەن قىغلارنى توشۇش ئۈچۈن زەمبىلمۇ تاپالمىدى. تاغارنى زەمبىل قىلىپ قىغلارنى توشۇپ چىقىرىۋېتىپ بىر يەردە ياتتى. كېچىسى جىن چىراغ يېقىپ كىتاب كۆردى. بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى رەتلىدى. تالاي ۋاقىت شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.

ئىشىك ئالدىغا «ۋولگا» نى توختىتىپ قويۇپ، ئېسىل مېھمانخانىلاردا يېتىپ نېمىلەرنىدۇر تەتقىق قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر، بۇ كەسىپدىشىڭلارنىڭ ياتقان يېرىنى كۆرۈپ قويۇڭلار! ئۇمۇ خۇددى سىلەردەك ئالىي ئىنژېنېر!

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئۇلانباي پويىز ئىستانسىسىدا قار ـ شىۋىرغان چىقىپ ئەتراپنى كۆرگىلى بولمايتتى. يېرىم كېچىدە 4-5 كىشى ۋاگون ئىچىدىكى تېكىلەرنى ماشىنىغا چۈشۈرۈۋاتاتتى. ئۇزۇن سەپەر ئازابىدىن قىينىلىپ كەتكەن تېكىلەر ماڭالمايتتى. ئوتتۇرا بوي، تەمبەل بىر يىگىت تېكىلەرنى خۇددى بالىسىنى كۆتۈرگەندەك دۈمبىسىگە يۈدۈپ ماشىنىلارغا بىر ـ بىرلەپ قاچىلىماقتا ئىدى. ماشىنىلار ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. تەمبەل يىگىت ئۇچىسىدىكى جۇۋىنى سېلىپ ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىغا قويدى. بۇ ئىش بىر قانچە يۈز مېتىرچە داۋاملاشتى. ئۇ جۇۋىسىنى يۆتكىگىنىچە ئاستا ـ ئاستا قارلىق كېچىدە يىراقلاپ كەتتى.

بۇ يىگىت ئېرشات ئىدى. ئۇ مەملىكەت بويىچە داڭلىق لياۋنىڭ تېكىسىنى شىنجاڭ ئۆچكىسى بىلەن نەسىللەندۈرۈش تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى.

ئۆچكىلەرنىڭ نەسلىدە ئۆزگىرىش بولدى. تىۋىت ئۇنۇمى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمما ئىنچىكىلىك دەرىجىسى يەنىلا ئۆلچەمدىن يىراق ئىدى.

بىر كۈنى ئېرشات بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز ئاستىغا سېلىنغان تېرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاسنا سىيلاپ باقتى. بۇ تېرىنىڭ تىۋىتى ھەم قويۇق، ھەم ئىنچىكە ئىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. تېرىنى قولىغا ئېلىپ تالاغا يۈگۈردى. بۇ ياۋا ئۆچكىنىڭ تېرىسى ئىدى. يېتىلدۈرۈلگەن ئۆچكە بىلەن ياۋا ئۆچكىنى مېتىسلاشتۇرۇش خىيالى چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتتى. ئىش باشلىنىپ كەتتى. ياۋا ئۆچكىنى تۇتۇش ۋە كۆندۈرۈش مۇشەققەت ئىش ئىدى. بىر قانچە قېتىم تۇتۇپ باققان بولسىمۇ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ياۋا ئۆچكىلەر كۆنۈش ئورنىغا ئۆلۈۋېلىپ جاۋاب بېرەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسى — ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىلىك جاي بولۇپ، قەدىمكى باراغەت ئورنى ئىدى. بىر

كۆنى چۈشتىن كېيىن شۇ مەھەللىدىكى يىگىتلەر چىماقنا ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشىۋاتاتتى. يىراقتىن بىدە باسقان بىر ماشىنا كېلىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى ۋە ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ، ئېگىز بېسىلغان بىدە دەرۋازىغا تاقىشىپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشكەن ئېرشات يەردە چېچىلىپ ياتقان بىدىلەرنى غۇلاچلاپ ئېلىپ باغچا ئىچىگە توشۇشقا باشلىدى. هاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ئۇنى تونۇدى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ ئېرشات ئەمەسمۇ؟

— ۋوي، ئۇنى چارۋىچىلىق ئالىمى دېيىشىۋاتاتتى. بۇ يەردە بىدە توشۇپ يۈرىدىغۇ؟

— ئۇنى كالىنىڭ ئىسپىرمىسىنى يۆتكەپ يۈرۈپ مېدال ئالدى دېيىشىۋاتاتتى. هالى چاغلىقكەنغۇ؟ هەي جاپاكەش بىچارە!

— تىرىكلىپى فىنك-دە، ئۇ، ئىشلىسۇن بىچارە، قېنى ئىچەيلى.

— ئاغىنىلەر، ئۇندىاق دېمەڭلار، سىلەر بىلمەيسىلەر، ئۇ هازىر نەسىل يېڭىلاپ يېتىشتۈرگەن ئۆچكىسىنى هايۋاناتلار باغچىسىدىكى شىنجاڭ ياۋا تېكىسى بىلەن نەسىللەندۈرۈپ تىۋىت مەھسۇلاتىدا يېڭىلىق ياراتماقچى. دەسلەپ باغچا رەھبەرلىكى ئۇنىماي، بىچارە بىرەر ئاي يۇقىرى-تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ قايسى بىر باشلىققا تەستىقلىتىپ مىڭ بىر تەستە ئاۋۇ بۇلۇڭدا چېدىر تىكىپ يېتىپ قوتان ياساپ ئۆچكىلىرىنى بېقىۋاتىدۇ.

— ئەمدى-زە تېكە ئىسپىرمىسىنى يۆتكەپ يۈرۈپ يەنە بىر مېدال ئالغۇدەك-دە!

— ئالسۇن، ئالسۇن، بىزمۇ مېدال ئالغان هارىقىمىزنى ئىچىپ ياشاۋېرەيلى، قېنى هۇررا!

هەر كۈنى قايناپ تۇرىدىغان بۇ سورۇن، هاراق ئىچىپ كەيىپ سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئوخشىمىغان قاراشتىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىلدۈرگەن بولسا، تاپا-تەنە، مەسخىرە، چاقچاقلار ئارىسىدا ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ئېرشاتمۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ئۆچكە نەسلىنى يېتىلدۈرۈپ ئاق تېرەك يېزىسىغا ئېلىپ كەتتى.

ياۋا تېكە بىلەن يەرلىك ئۆچكىلەرنى مېتىسلاشتۇرۇش تەتقىقاتى ئالاھىدە نەتىجە بەردى. قايتا-قايتا تەجرىبە ۋە يېتىلدۈرۈشلەردىن كېيىن، 8800 ئۆچكىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 407 گرامغا يەتتى. ئەڭ يۇقىرىسىدىن 1490 گرام تىۋىت ئېلىنىپ دۆلىتىمىز بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇ سان مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى تىۋىت مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى يەرلىك ئۆچكىلەرنىڭكىدىن بولسا تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى. مەھسۇلاتى يۇقىرى، ئىنچىكىلىك دەرىجىسى ياخشىلانغان بۇ نەسىلنى كۆپەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا پەقەت بىر چارۋىچىنىڭ يىللىق كىرىمىلا 37 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ بېيىشتىن ئۈمىد بارلىقى جەزملەشتى.

جاپالىق ئىزدىنىش دەۋرىدىن دەسلەپكى ئۈنۈم كۆرۈلگەن كۈنگىچە بولغان جەرياندا پارتىيە، هۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئۇستازلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر زور ياردەملەرنى بەردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى، دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى، 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىگىدارچىلىق قىلدى. ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن

قولالىدى. مەمۇرىي - كەسپىي جەھەتتىن مەبلەغ، ئادەم ئاجراتتى.

1988 - يىلى ئۇ مەملىكەتلىك ئىلمىي، مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ «ئۆي ئۆچكىسى بىلەن ياۋا ئۆچكىنى ئېتىسلاشتۇرۇش ئىلمىي تەتقىقاتى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. ئالىملار ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئالاھىدە قىزىقتى ۋە ئۇنىڭغا زور ئىلھاملارنى بەردى. ئىلمىي ماقالىسى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە بولۇپ باھالاندى.

ئۇ تېخىمۇ يۈكسەك ئارزۇ ۋە پىلانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ئېرشات تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، تىۋىت مەھسۇلات مەركەزلىرىدىن بىرى قىرغىزىستاندا تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن يەنىلا ئۆچكە تىۋىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتلىرى بىلەن تونۇشتى، پىكىر ئالماشتۇردى. ئىلغار تېخنىكىلارنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. تۇغقان يوقلاش ۋاقتى ماھىيەتتە كەسپىي «تۇغقان»لىرىنى يوقلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. باشقا كىشىلەر مەنزىرىلىك جايلاردا ساياھەت قىلىپ، ماگىزىنلارنى ئارىلاپ يۈرگەن بولسا، ئېرشات ئۆچكە نەسىللىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئۈچۈن كۈنلىرىنى مال بازارلىرىدا ئۆتكۈزدى.

بىر كۈنى ئۇ سەمەرقەنتتە قىزىق چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاق تېرەك يېنىدا بېرىپ يېڭى يېتىلدۈرگەن نەسىللىك تېكىنى سورىۋىدى، ئۈرۈمچىدىكى قايسىبىر باشلىقنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا سويۇش ئۈچۈن، يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چۈشىگە ھەر خىل تەبىر بېرىپ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. كۆڭلى بولسا نېمىشقىدۇر ئالدىرىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى.

1989 - يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئۇ تېلېۋىزىيە فىلىم ئېلىش خادىملىرىنى باشلاپ داۋانچىڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى تەجرىبە پونكىتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

يايلاققا كېتىۋېتىپ كەچ كىرىپ كەتتى. قاراڭغۇدا كەلكۈن سۈيى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سايدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۇ تېلېۋىزىيە خادىملىرىغا ھەمكارلىشىپ ئۇلارنى ساق - سالامەت قىرغاققا يەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى تۇيۇقسىز كەلكۈن دولقۇنىغا دۇچ كېلىپ ئاستىدىكى ئات بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئىككى قولىدا ئاتنىڭ ياللىسىدىن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى. ئات بىلەن قوشۇلۇپ نەچچە دومىلاپ، چۆكۈپ - لەيلەپ ئېقىپ يۈرۈپ ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ قالدى. ئاتتىن ئاجرىغاندا كەلكۈن سۈيى ئۇنى ياغاچنى ئېقىتقاندەك ئېقىتىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ چىلىق - چىلىق ھۆل كىيىملىرى بىلەن سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. قېلىن ھۆل كىيىملەرنى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئوتقا قاقلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە قۇرۇتالمىدى. خىزمەتنى توختاتماي داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇزۇن ئۆتمەي قىزىتمىسى ئۆرلەپ دوختۇرخانىغا بارغاندا ئۆپكىسىنىڭ ئىششىغانلىقىنى بىلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى. ئۇ داۋالىنىشقا كەلدىم دېگەندىن كۆرە، ئۆگىنىش

كۆرسىغا كەلدىم دېسە توغرا بولاتتى. چۈنكى بىر نەچچە ئاي كېچە - كۈندۈز ئارام ئالماي خەلقئارانىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆچكە نەسلى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەرنى ئوقۇدى. ھەرقايسى تەجرىبە پونكىتلىرىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىنى، ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىنى سېلىشتۇردى، ھېسابلىدى، تەتقىق قىلدى.

ئادەتتە تىۋىت مەھسۇلاتى بىلەن ئىنچىكىلىكى ئىرسىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، مەھسۇلات يۇقىرى بولسا تىۋىت توم بولىدۇ. ئېرشات ياۋا تېكە بىلەن يەرلىك ئۆچكىنى نەسىللەندۈرۈش تەتقىقاتى ئارقىلىق يۇقىرىقى قانۇنىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ ھەم يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ھەم ئىنچىكە بولغان تىۋىت ئۆچكە نەسلىنى ياراتتى. ئۇ يېتىلدۈرگەن ياش ئەركەك ئۆچكىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 397 گرام، چىشى ئۆچكىنىڭ 372 گرام بولۇپ، تىۋىتىنىڭ ئىنچىكىلىك بىرلىكى 12.79 مىكرومېترغا چۈشتى. 62—88- نومۇرلۇق تېكىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1260 گرام بولۇپ، ئىنچىكىلىكى 14.2 مىكرومېتر بولدى. ئادەتتە خەلقئارادا ئوخشاش مەھسۇلات بېرىدىغان تېكە تىۋىتىنىڭ ئىنچىكىلىكى 18 دىن 22 مىكرومېترغىچە بولاتتى.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 6- قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايون، شەھەر بويىچە كۆپ قېتىم ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق پەن - تېخنىكا خادىمى سالاھىيىتى بىلەن كۆپ قېتىم يۇقىرى قاتلام ئۇچرىشىشلىرىغا قاتنىشىپ، مۇكەممەل ئاساس، ئەمەلىي تەجرىبە ۋە ئىلمىي يەكۈنلىرىنىڭ تۆرتكىسى بىلەن شەھىرىمىزنىڭ 8- بەش يىللىق پىلانىغا «ئۈرۈمچى رايونىدا يۈز مىڭ تۇياق تىۋىت ئۆچكىسى بازىسى قۇرۇش» پىلانىنى سۇندى ۋە تەستىقلاتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 8- بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرىگە «شىنجاڭ ئاق تىۋىتىنىڭ (شىمالىي شىنجاڭ تىپىدىكى) يېڭى سورتىنى يېتىشتۈرۈش» تېمىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتىنى سۇندى ۋە تەستىقلاتتى.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىشتۈرگەن ئۆچكە سانى 50 مىڭ تۇياقتىن ئېشىپ كەتتى، تىۋىت مەھسۇلاتى 1973 - يىلىدىكى 7.6 توننىدىن 21.3 توننىغا يېتىپ ئۈچ قاتلاندى. دۆلەتكە 14 مىليون يۈەن قىممەت يارىتىپ بەردى. ئۇ يېتىشتۈرگەن نەسىللىك تېكىلەر 18 ناھىيىگە يۆتكەپ بېرىلدى. بىر قانچە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا تېخنىكا ۋە تېخنىك يېتىشتۈرۈپ بەردى. نامرات رايونلاردىن قىزىلسۇغا تېخنىكا ياردەم بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئۇ تەجرىبە قىلىۋاتقان يېزىلاردىكى قازاق چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىغا «ئېرشات» دەپ ئىسىم قويۇپ بالىلىرىنى ئېرشاتتەك ئالىم بولسۇن، دەپ ئۈمىد قىلىشلىرى بىكار ئەمەس. ئۇ چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى.

بىر نەپەر ئالىي ئىنژېنېر ۋە ئون ئىككى نەپەر تېخنىكتىن تەركىب تاپقان كىچىك تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە يۈز مىڭ تۇياق تىۋىت ئۆچكىسى بازىسىنى قۇرۇپ 1995- يىلىغا يېتىپ بارغاندا يىلىغا خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەن ئىنچىكىلىك دەرىجىسى 15 مىكرومېتر بولغان 30 توننا تىۋىت مەھسۇلاتى يارىتىپ

(داۋامى 48 - بەتتە)

ئۇيۇشتۇرغان ئەسەر

# تۆھپە ئۆچمەيدۇ

(ئەدەبىي ئاخبارات)

پولات ھېۋىزۇللا

دەرسلىك سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى مائارىپ سۈپىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە. 50-يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى دەرسلىكلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ كېلىش ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. كېيىن ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشتە خەنزۇ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئاساس قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى مىللىي خاسلىق يوقاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىن ئۈنۈملۈك تەربىيىلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلمىدى. 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، دەرسلىك ئىسلاھاتىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، مىللىي مائارىپ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرىدە بىر قەدەر مۇكەممەل تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى يېڭىدىن تۈزۈلدى ۋە بارغانسېرى ئۆزگەرتىلىپ ياخشىلانماقتا. بۇ دەرسلىكلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، چۈشىنىش سەۋىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلگەنلىكى، بەدىئىي تەربىيىلەش بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى بىرلەشتۈرگەنلىكى، مىللىي ئەدەبىيات بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەتئەل ئەدەبىياتىنى ياخشى بىرلەشتۈرگەنلىكى... قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئالقىشقا ئېرىشتى. بۇ دەرسلىكلەرگە يانداش ھالدا تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكى پروگرامما ماتېرىياللىرى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى، ئوقۇش مەشقى ۋە ھەر يىلى بىر تۇتاش يازلىق-قىشلىق تەتىللىك تاپشۇرۇقلار تۈزۈلدى ۋە تۈزۈلمەكتە. مۇكەممەل بولغان دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشىدەك ھادىسىلەر ئەمدى ئۆزگەرتىلدى. بۇ دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەشكە مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە مائارىپ نەزەرىيىسى، مائارىپ ئىسلاھاتى تەتقىقاتى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىختىساسلىق خادىملار قاتناشقانىدى. بۇ شەرەپلىك ئەمگەكنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇستازلارغا ئەزەلدىن ھۆرمىتىم زور ئىدى. يېقىندا باشلانغۇچ مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشتە ئاساسلىق تەر تۆككۈچىلەرنىڭ بىرى ئايشەم پەيزۇل بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ھارپىسىدا ماڭا ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى.

ئايشەم پەيزۇل 1988-يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە «ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىختىساسلىق خادىم» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

1990 - يىلى 6 - نۆۋەتلىك شەھەرلىك
پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.
ئۇندىن ئارتۇق دەرسلىك كىتاب، پايدى-
لىنىش ماتېرىياللىرى، يىگىرمىگە يېقىن
قىشلىق - يازلىق تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى
تۈزگەندىن سىرت، ئۇ يەنە ئون ئۈچ پارچە
ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ دەرس
ئۆتۈش ۋە ئۆز خىزمەت دائىرىسىدە ھەر
خىل پائالىيەتلەرنى، كۇرسلارنى ئۇيۇش-
تۇرۇش جەھەتتە قازانغان مۇۋەپپەقىيەت-
لىرىمۇ نۇرغۇن.

ئايشەم پەيزۇل 1948 - يىلى 5 - ئايدا
ئۈرۈمچىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
ئۇنىڭ ئاتىسى ساۋاتسىز كىشى بولسىمۇ
مەرىپەتنى قەدىرلەيتتى. «ئوقۇغان ئادەم-
لەر، — دەيتتى ئاتا دائىم، — يورۇش - تۇ-
رۇشلىرى سىلىق - سىپايە، سۆزلىرى مەنى-
لىك بولىدۇ. خاتا ئىشنى ئاز قىلىپ،
توغرا ئىشنى كۆپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا
ھەر قانداق ياۋايىلىقمۇ پەسكويغا چۈشىدۇ.
مىللەتنىڭ تەقدىرى زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ
بولۇشىدا ...» ئاتا ئۆزى ئوقۇمىغان بول-
سىمۇ، زىيالىيلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈر-
گەچكە، ئوقۇغانلارغا غايىبى چوقۇناتتى.
زىيالىيلاردەك پىكىر قىلىشقا تىرىشاتتى...
شۇڭا ئۇ بالىلىرىنى بارلىق ئىمكانىيەت-
لەردىن پايدىلىنىپ تولۇق ئوقۇتۇشقا
تىرىشتى. ئۇ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە
بالىلىرىنى ئېرىشتۈرمەكچى ئىدى. شۇڭا
قىزى ئايشەمگىمۇ خۇددى ئوغلىغا قارىغان-
دەك قاتتىق تەلەپ قويدى. ئايشەم
ئاشۇنداق ياخشى ئائىلە تەربىيىسىدە
بۈيۈك ئارزۇنى قەلبىگە پۈككەن، ئۆزىگە
قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ئۆزىگە ئىشە-
نىدىغان، پائالىيەتچان قىز بولۇپ ئۆستى.
ئۇ نۇرغۇن بۈيۈك ئارزۇ - غايىلەرنى

تەڭتۇشلىرى غەمسىز ئويناپ يۈرگەن ئاشۇ
تولىمۇ كىچىك چاغلىرىدىلا قەلبىگە پۈك-
كەنىدى. يېڭى دەۋر بىلەن تەڭ تۇغۇ-
لۇپ، تەڭ ئۆسۈۋاتقان بۇ ئۆسمۈردە
قالتىس ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى.
سىنىپ باشلىقى ۋە مەكتەپ پىئونېرلار
چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئۇ
سەھنىگە چىقىپ نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىلار
ئالدىدا خۇددى چوڭ كىشىلەردەك ئۆزىگە
ئىشەنگەن سالماقلىقى بىلەن دەۋر پىئو-
نېرلارغا يۈكلىگەن بۇرچ ھەققىدە جان-
لىق، چوڭقۇر مەنىلىك نۇتقىنى ئوقۇغى-
نىدا بەزى مۇئەللىملەر مەنىسىز ئۆتۈپ
كەتكەن بالىلىقىنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە
ياش ئالغانىدى.

مۇئەللىملەر ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.
ئۇمۇ مۇئەللىملەرنى ھۆرمەت قىلاتتى.
ئۇ مۇئەللىملەردە بىر خىل سېھىرىي كۈچنى
سەزگەن. شۇڭا كېيىن چوڭ بولۇپ مۇئەل-
لىملىككە قەدەم قويغىنىدا ئىنتايىن ھا-
ياجانلانغان ۋە جىددىيلەشكەن. ئۇنىڭ
كىچىك چېغىدا مۇئەللىملەرگە زوقلىنىپ
دىققەت قىلىشلىرى، مۇئەللىملەرنى دو-
راشلىرى كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن پايدى-
لىق ئاساس بولۇپ قالغان دېيىشكىمۇ
بولاتتى (چۈنكى ھازىر ئۇ مېتودىكا تەت-
قىقاتچىسى). ئۇنىڭ مەكتەپتىكى تۇنجى
كۈنى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە. بىر جايدا
ئولتۇرالمايدىغان بەڭباش، غەمسىز
بالىلارنىڭ سىنىپتا قىرىق بەش مىنۇت
مىدىرلىماي ئولتۇرۇشى ئەجەب ئىش.
كىچىك بالىلارنى تەربىيىلەشكە، بولۇپمۇ
مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋر يەتتە ياشلىق
بالىلارنى يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ كەت-
كەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى بالىلار چۈشە-
نەلەيدىغان تىل بىلەن ياخشى بالا بولۇش

ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىدى.

بالىلار ئويۇنلىرىدا ئويۇندىكى ماھىرلىقى بىلەن باشقىلارنى ئۇتۇپ چىقىشقا ئامراق ئايشەم ئەمدى باشقا بىر تەرەپتە نەتىجە قازانماقچى بولدى. ئۇنىڭچە دەرسمۇ بىر خىل قىزىقارلىق ئويۇن ئىدى— خۇددى تېپىشماقتەك... ئۇ ياخشى بالا بولماقچى بولدى ھەم بولالىدى.

ئۇ 1960-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. بۇ مەزگىلدە ئىزچىل ھالدا سىنىپ باشلىقى ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ كەلدى. ئۇ يەنە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. 1966-يىلى 3-ئايدا تىيانشان رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى.

ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە زور نەتىجە ياراتماي قويمايدىغانلىقىغا باشقىلارمۇ بىردەك ئىشىنەتتى. لېكىن تەلۋىلىك، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ۋەھىمە، ئەخمەقلىق تولغان ئاشۇ قالايمىقان يىللارنىڭ رەھىمسىز ئېقىنلىرى ئۇنىڭ بۈيۈك ئارزۇلىرىنى بىر مەزگىل توزۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىشى «كېزەندىلەر» گە يان باسقانلىق دەپ قارىلىپ، ئۇ چەتكە قېقىلدى، تارتىپ چىقىرىلدى. ئوقۇشمۇ يوق، خىزمەتمۇ يوق بەش-ئالتە يىل بىكار، مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى. غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بىر گراژدانغا نىسبەتەن تۇيۇقسىز ھالدا جەمئىيەت ئۈچۈن كېرەكسىز بولۇپ قېلىش ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش. ئۇ ئازابلاندى، چۈشكۈنلەشتى. ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدىغان ھەمراھقا مۇھتاج ئىدى. ئۇ توي قىلدى. بىلىملىك، سالماق، ئۈمىدۋار يولدىشى مەرد يىگىتلەرگە خاس بەرداشلىقى، ھەر قانداق قىيىن شارائىتتىمۇ يوقاتمايدىغان خۇش چاقچاقلىقى بىلەن ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن روھىغا تەسەللى بەردى. ساۋاقداشلىرى قايتا تەربىيىگە ماڭغاندا بالىلار كىچىك ۋە ئائىلە يۈكى تۈپەيلىدىن ئۇ بارالمىدى.

بۇ دەۋر ئاياللار ئالدىدا تېخىمۇ زور جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىنى بەربات قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىقتىسادىي چېكىنىش، تەڭپۇڭسىزلىق جۇڭگودىكى پۈتكۈل ئائىلىلەرگە ئۇزاققىچە ئۆچمەيدىغان تەسىرنى قالدۇرۇپ كەتكەچكە، ئائىلىنىڭ تۈگىمەس، ئاخىرى چىقماس غېمى، جاپاسى نۇرغۇن گۈزەل ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى، ياشلىقىنى، كۈچىنى بىمەزگىل توزۇتۇۋەتتى!

لېكىن ئايشەم پەيزۇل چۈشكۈنلەشمەي ياشىدى. 1974-يىلى مىكتەسلىكتە 19-باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنى «مەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىسىغۇ» دەپ ئويلىماي، ئوقۇتۇشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئۆيى يىراق، بالىلار كىچىك بولسىمۇ، ئائىلە ئىشى ۋە خىزمەتتىن ئىبارەت ئىككى يۈكنىڭ ئارىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى بەرداشلىقنى ئىپادىلىدى. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ جاپالىق ئىشلىدى. قايسى سىنىپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولمىسا، تالىشىپ شۇ سىنىپقا دەرسكە كىردى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان

سىنىپلارنىڭ مەسئۇلۇقىنى ئۆز ئۈس-
تىگە ئالدى.

ئائىلە ئىشلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ ياخشى ئايال بولۇش تەس. ئۈچ بالا ئۈچۈن ياخشى ئانا بولۇشمۇ تەس. رىقابەت كەسكىنلەۋاتقان زامانىمىزدا ياخشى ئىختىساس ئىگىسى بولۇشمۇ تەس. لېكىن ئۇ ھەم ياخشى ئايال، ھەم ياخشى ئانا، ھەم ياخشى ئىختىساس ئىگىسى بولالىدى!

ئايشەم پەيزۇل زايا كەتكەن ياشلىقىنى قايتىدىن تىرىلدۈرگەن، تىرىلدۈرۈۋاتقان بىر ئەۋلاد جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ تىپى ئىدى. ئۇ يەنە ئائىلە ۋە كەسپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغان تىرىشچان، قەيسەر، ئۈمىدۋار، چىداملىق ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئاياللىرىنىڭ تىپى ئىدى.

ھەرقانداق ئىشتا يەككە - يېگانىلىق بىلەن نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. ئەرلەر ئاياللار ئارقىلىق بەختىنى قەدىرلەشنى ئۆگەنسە، ئاياللار ئەرلەر ئارقىلىق ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىرادىگە ئىگە بولىدۇ. ئايشەم پەيزۇلنىڭ يولدىشى ئازات مىرقاسىم مائارىپ ساھەسىدە خېلى تۆھپىسى بار ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات خادىمى»، دوتسېنت، كوممۇنىست، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ كافېدرا مۇدىرى ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا ئورتاقلىق كۆپ ئىدى. ئۇلار نۆۋەتتىكى مائارىپىمىز ھەققىدە سائەت - سائەتلەپ پىكىرلىشەتتى، ھەتتا مۇنازىرە قىلىشىپ كېتەتتى، يازغان ماقالىلىرىنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ پىكىر ئالاتتى. بولۇپمۇ ئايشەم دەرسلىك ۋە مەشىق كىتابلىرىنى تۈزگەندە ئازات مىرقاسىمنىڭ ياردىمى زور بولدى. كىتابخانىلارغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، تېكىستلەرنى تاللىشىپ بەردى. ئايالى خىزمەت ۋە يىغىنلارغا بارغان ۋاقىتلىرىدا ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يولدىشىنىڭ قوللىشى بىلەن ئايشەم تېلېۋىزىيە داشۆسىنى ئوقۇپ پۈتتۈرەلىدى.

ئۇ تىيانشان رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەندىن بۇيان، ئىشخانا دائىرىسىدىكى ئىشلار بىلەنلا چەكلىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەستىن، بەلكى ئۆز خىزمەت دائىرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئوقۇغۇچىلاردىكى قانائەتچانلىق، بىلىمىنى كېڭەيتىشكە قىزىقماسلىق ئىللەتلىرى تۈزىتىلدى. تەتقىقات خادىملىرى ۋە ھەرقايسى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرلىرىنى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ روھىنى ھەرقايسى مەكتەپلەرگىچە كېڭەيتىشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى.

مائارىپ تەتقىقات ئورنىنىڭ ۋەزىپىسى يەنە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىدى. ئۇ، تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى باشلاپ ھەپتىدە ئىككى كۈن مەكتەپلەرگە چۈشۈشنى داۋاملاشتۇردى. كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، پىكىر بېرىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئۆز

رايونى تەۋەسىدىكى مائارىپىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلىتىپ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتسە، يەنە بىر. تەرەپتىن مەكتەپلەردە ساقلانغان ھەر خىل مەسىلىلەرنى رەھبەرلەرنىڭ سېزىشى ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشىغا ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەردى. مەكتەپلەردە بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. مەسىلەن، بىر مەكتەپنىڭ ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىمگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، سىنىپتا ئۆگىنەلەيدىغان ئەمەلىي بىلىملەرنىمۇ ئۆگەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ياخشى ئۇسۇل شەھەر بويىچە ئومۇملاشتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسنى ئاڭلاشتا ئۇ كەمتەر، دوستانە پوزىتسىيىدە بولدى. ھەر قانداق ئوقۇتقۇچىنىڭ خاسلىقى ۋە دەرس ئۆتۈشتە ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. دەرسنى ياخشى ئۆتەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدا تېخى جارى قىلدۇرالمىغان يوشۇرۇن ئەھمىيەتلىك كۈچلەر بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا پىكىر بېرىشتە، ئەيىبلەش پىكىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان مەسلىھەت پىكىرلىرىنى بېرىش زۆرۈر. ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلار بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلار يۇقىرىدىن كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىشىنى خالىمايدۇ. لېكىن ئايشەمنىڭ سەمىمىيلىكى، دوستانە، كەمتەر پوزىتسىيىسى، ياردىمىنىڭ ئەمەلىي ئىكەنلىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى تالىشىپ ئۆزىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىدىغان، دەرسنى قانداق ئۆتۈش توغرىسىدا ئۆيلەرگىچە كېلىپ مەسلىھەت سورايدىغان بولدى. ئۆلگىلىك ئوقۇتقۇچىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلار تەشۋىق قىلىنىپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ساقلانغان ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ، ئوقۇغۇچى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئوقۇغۇچىنىڭ مەقسەت ئىكەنلىكى ھۆرمەت قىلىنمىغان ناچار ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئۆزگەرتىلدى.

ئۇ بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىققا قەدەم قويغىنىدىلا شۇنى ھېس قىلغان، ئوقۇتقۇچى بولۇپمۇ ياخشى ئوقۇتقۇچى ئۆزىدىن مەڭگۈ رازى بولمايدۇ. ھەر بىر دەرستىن كېيىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەندە ئۆكۈنۈش ۋە پۇشايمان تۇيغۇلىرى پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت ھېسلىرى ئوقۇتقۇچىنى ئۆز بىلىمى ۋە مېتودىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. دەرسنى تېخىمۇ جانلىق، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق ئۆتۈشكە ئىنتىلىش مەڭگۈ توختاپ قالماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىنى ئۆتۈشتە تېكىستتىكى بىلىملەرگىلا قانائەت قىلىغىلى بولمايدۇ. مۇئەللىم تېكىستتىن ھالقىپ، تېكىستقا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تاللاپ سۆزلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى كەڭ دائىرىدە بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسى، چۈشىنىش قابىلىيىتى، قىزىقىشى قاتارلىقلارغا ماس كەلگەن مېتودىكىنى ئوقۇتقۇچى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ بېرىشى كېرەك. مېتودىكا ھەققىدىكى ئويلىنىش ۋە ئىزلىنىشلەر ئۇنى مائارىپ تەتقىقاتى ساھەسىگە سۆرەپ كىردى.

مائارىپ سەۋىيىسى تۆۋەن مىللەتنىڭ

ئىستىقبالى يوق، ئىسلاھات قىلىنىپ تۇرمىغان مائارىپ ئۆلۈك مائارىپ... مائارىپ ئىسلاھاتىنى توغرا ئېلىپ بېرىشتا، مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى ياخشى ئىگىلىگەن ۋە شۇ ھەقتە ئىزلىنىپ يېڭى لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىختىساسلىق خادىملارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ئۆزى تاللىغان تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش ساھەسىگە كىرىشكەندىن بۇيان، پۈتكۈل بوش ۋاقىتلىرىنى ماقالە يېزىش ۋە ئىزلىنىشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە: كىچىك چاغلىرىدا ئۇ باشقىلار يېشەلمىگەن تەڭلىمىلەرنى يېشىشنى ياخشى كۆرەتتى. ماتېماتىكا دەرسىدە ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنى تاللاپ ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى ھازىرغىچە يوقالغىنى يوق. مېتودولوگىيىدە قايسى مەسىلە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشىنى بەكرەك قاتۇرسا، شۇ ھەقتە ئۇ دەرھال ئىزلەندى ۋە ئىزلىنىشنى تاكى مۇكەممەل ئىلمىي ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقمىغۇچە توختاتمىدى.

مەسىلەن، دەرسلىك پىلان تۈزۈشتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بەك قىيىنىلاتتى. پىلان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا تۈزۈلۈشى شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئۇيغۇن، دەرس پىروگراممىسىغا لايىق بولۇشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ستاژىنىڭ بەكمۇ ئۇزۇن ئەمەسلىكىگە قارىماي بۇ تېمىغا دادىل ئاتلاندى. بۇ ھەقتىكى ماقالىسى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

دەرس ئۆتۈشتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كېرەك. مەسىلەن، تىل ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل قانۇنىيىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرنى پۇختا ئىگىلىشىنى چەك تۇتۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا، راۋان، ئېنىق سۆزلەشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئۇ، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنى رەتلەپ «تىل ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش» ناملىق ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدى.

ئۇ يەنە «سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى» ناملىق ماقالىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى يېتەكلەپ، مەسىلىلەرنى ئامال بار ئۆزى يېشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى نوقۇل تېكىستلارنى تەھلىل قىلىش بىلەن چەكلەپ قويماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى خاس پىكىر قىلىشىنى چېنىقتۇرىدىغان، مەنىۋى دۇنياسىنى مولالاشتۇرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئۇنۇملۇك سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ۋاستىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دېگەن كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ ھەر بىر تېمىغا تۇتۇش قىلغانىدا ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىمۇ پۇرسەت يارىتىپ، ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھەتتا خەنزۇ، قازاق ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ دەرسىنى ئاڭلىدى. چۈنكى دەرس ئۆتۈش مېتودى تۇراقسىز، كەڭ، ھەر خىل تەركىبلەر بىلەن تولغان مەزمۇن ئىدى. ئۈچ-تۆت بەتلىك بىر ماقالە ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن تەپەككۇر، نۇرغۇن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىش زۆرۈر بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېتودولوگىيە تېمىسىدىكى ماقالىلەر مەۋھۇم، ئابستراكت نەزەرىيىۋى ئۇقۇملار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشلىنىشچانلىقى، ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا يېزىلىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك كىتاب-ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپلا يېزىۋېتىشكە بولمايتتى. ئۇ، بۇ ساھەگە يېڭى قەدەم قويغاندا، بۇ ساھەنىڭ بۇنچىۋالا مۇرەككەپلىكىنى ھېس قىلمىغانىدى. چۈنكى مېتودىكىدا نوقۇل ئەدەبىياتتىكى مەسىلىلەرلا ئۇچرىمايتتى. مېتود ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئۇسۇللار ئۈستىدە قۇرۇلۇشى كېرەك بولغاچقا، كەڭ، چوڭقۇر ھالدا تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، كۆزىتىش ئىلمى، لوگىكا، نۇتۇق نەزەرىيىسى، ئوقۇغۇچىلار پسىخولوگىيىسى... قاتارلىق ساھەلەرگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ تىنىماي ئۆگەنىدى. ئۇ جەمئىي ئون ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلدى.

ئۇ ئاشۇنداق ئالدىراشچىلىقتا باھارنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى، دەرەخلەرنىڭ قاچانلاردىن ياپراق چىقىرىشقا باشلىغانلىقىنى بىلەلمەي قالاتتى.

ئۇ ئۆز خىزمىتىدىن سىرت، ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەلىپى بىلەن تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودىكىسىدىن دەرس ئۆتۈپ 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاچقان «ئوقۇتقۇچىلار تايانچ كۇرسى» دا ئۇيغۇر تىلى مېتودىكىسىدىن لېكسىيە سۆزلىدى. ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر بويىچە كۆپ قېتىم پروگرامما ۋە دەرسلىكلەردىن ئىلمىي لېكسىيە سۆزلىدى.

ئۇ 1981-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىنى قايتىدىن تۈزۈش ۋە پايدىلىنىش ئوقۇشلۇقلىرى ۋە تەتىللىك تاپشۇرۇق قاتارلىق ماتېرىياللارنى تۈزۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ جەمئىي سەككىز پارچە دەرسلىك، ئۈچ پارچە ئوقۇشلۇق كىتابى، ئون ئالتە پارچە قىشلىق-يازلىق تەتىللىك تاپشۇرۇق تۈزدى.

مائارىپنىڭ سۈپىتى دەرسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دەرسلىك چوقۇم ياخشى تۈزۈلۈشى كېرەك. تېكستلارنى تاللاش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ماتېرىيال كۆرۈش زۆرۈر. ئۇ «تارىم غۇنچىلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى قاتارلىق ئۇيغۇرچە بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلارنى ئوقۇغاندىن سىرت، ئۆزبېكچە، قازاقچە، رۇسچە تىل-يېزىقتىكى كىتابلارنىمۇ ئوقۇدى. تاللانغان بەزى ماقالىلەرنى بالىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگەرتتى، تىل ۋە قۇرۇلمىسىنى ئاممىباپلاشتۇردى، ئىجادىي يېزىپ تولۇقلىدى. يەكشەنبە، بايرام كۈنلىرىدىمۇ دەم ئالماي ئىشلىدى. ھەر بىر كۆنۈكمە ۋە ئاساسىي مەشقلەرنى ئوقۇغۇچىلارنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالدا مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئەمەلىي ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈش، يېتەكلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، يول ماڭغاندىمۇ، كىر يۇغاندىمۇ، تاماق ئەتكەندىمۇ شۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزدى.

× ×

پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك

شان - شەرەپلەرنى بەردى.

ئۇ 1986 - يىلى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوقۇتۇش ئىلغارى بولۇپ تەقدىرلەندى.

1986 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى.

1985 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

1987 - يىلى تىيانشان رايونى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ تەقدىرلەندى.

1988 - يىلى شەھەر بويىچە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

1989—1990 - يىلى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ خىزمەت نىشانىنى ئورۇنلىشى بويىچە ماددىي مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 10-، 11 - نۆۋەتلىك تىيانشان رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە دائىمىي ئەزاسى بولدى.

1990 - يىلى شەھەرلىك 6 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش شەرىپىگە ئىگە بولدى.

ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى نۇرغۇن. چۈنكى ئۇ بەك كۆپ ئىشلارنى پىلانلىۋالغان، پىلانىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرماقچى. ئۇ پۈتكۈل باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسى مېتودىكىسىنى لۇغەتلەشتۈرمەكچى. شۇڭا ئۇ ھەر بىر تېكستنى ئۆتۈش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئۇ يەنە ...

(بېشى 40 - بەتتە)

دۆلەتكە 12 مىليون ئۆچكىچىلىك ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى يارىتىشتەك يۈكسەك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان زور نەتىجە.

مەن ئېرشاتنىڭ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ يان تېمىغا ئېسىلغان رامكىدىكى بۈركۈتنىڭ تېز سىزما سۈرىتىنى كۆرۈپ:

— سىز رەسساملىقمۇ قىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدىم.

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭدىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىن نۇرغۇن ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ زىيارەتكە كېلىپ، شىنجاڭ تىۋىت ئۆچكىسىنىڭ تەتقىقاتىغا قىزىققانلىقى ۋە يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى بىلدىم. مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئىلھامى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئېرشات كېلەر يىلى ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنۇش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالىسىنى تەييارلاپتۇ.

بۈركۈتنىڭ سۈرىتىنى ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق تىۋىت تەتقىقاتچىسى تەجرىبە پونكىتىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە نەق مەيداندىلا سىزىپ: «سىزنىڭ تەتقىقات چوققىلىرىغا خۇددى بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ تەقدىم قىلغانىكەن.

ئۆرلە، ئەي قىران بۈركۈت، يەنىمۇ ئېگىز ئۆرلە! خەلقىڭ سېنىڭدىن سۆيۈنىدۇ، ئېلىڭ ساڭا تەشەككۈر ئېيتىدۇ، ۋەتىنىڭ سېنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ.

ئۇيۇشتۇرغان ئەسەر

# مىننەتسىز ئەجىر، كۆرۈنەرلىك تۆھپە

(ئەدەبىي ئاخبارات)

داۋانچىڭ رايونى «ھىلال ئاي كەنتى» مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى چاپپار پەتتار ھەققىدە)

ھەبىبۇللا مۇھەممەت

ئەگەر سىز ئۈرۈمچىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ 86 كىلومېتىر يۈرسىڭىز خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «قەمبەرخان» ناملىق ناخشا بىلەن خەلققە تونۇشلۇق بولغان داۋانچىڭ رايونىغا يېتىپ كېلىسىز. داۋانچىڭ بازىرى — شىنجاڭنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىغان تەڭرىتاغنىڭ ئۆتۈش ئېغىزىغا جايلاشقان. بۇ جاي تارىختىن بۇيان ھەر خىل جەڭ - يېغىلىقلاردا مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئۆتكەل بولۇپ كەلگەندى. بۇ يەر ھازىرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئۆتەڭ بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا ماڭىدىغان پويىز، ماشىنا، ئاپتوبۇسلار مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ.

بازارلىق ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەت جايلاشقان بۇ ئۆتەڭ ھازىر مۇشۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلانغان. داۋانچىڭ رايونىدا تۆت يېزا، بىر بازار بار، ئىككى ئوتتۇرا مەكتەپ، ئون باشلانغۇچ مەكتەپ، 21 ئوقۇتۇش نۇقتىسى بار. بۇ رايوندا يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇيزۇ، قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت تۆت مىللەت ئاھالىسى 22 مەمۇرىي كەنتكە تارقاق جايلاشقانلىقتىن ئوقۇتۇش خىزمىتىنى مۇنتىزىم ئېلىپ بېرىش بىرقەدەر قىيىن بولۇپ، بۇ يەردە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈك پەۋقۇلئاددە ئېغىر.

1

يېقىندا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. بىر كۈنى مەلۇم ئىش بىلەن داۋانچىڭ بازىرىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىرا ئېغىزىغا جايلاشقان «ھىلال ئاي كەنتى» گە باردىم. مەن بۇ كەنتكە بېرىشتىن خېلى بۇرۇنلا بۇ خىلۋەت ئورۇندا ئون نەچچە يىلدىن بېرى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئىش بىلەن بىجانىدىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان يېزا ئوقۇتقۇچىسى — كومپارتىيە ئەزاسى چاپپار پەتتارنىڭ بەزى ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىغانىدىم.

شۇڭا بىر كۆرۈشۈش نىيىتىدە ئۇنى ئالاھىدە ئىزدەپ باردىم. مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېپىپ كىرگىنىمدە ئۇ گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا (بۇ يەردە توك بېسىمى تۇراقسىز بولغاچقا ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى تۇرۇپلا غۇۋالىشىپ قالىدىكەن) تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— خۇش كەپسىز، بىزنىڭ بۇ يەرگە يۇقىرىدىكى كادىرلار ئانچە كۆپ كەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ مېنى ھەدەپ داستىخاندىكى مەزىلەردىن ئېلىشقا زورلاپ، — مەن سىزگە ئېيتسام، ھازىر مەكتىپىمىزدىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق، كۆمۈر يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىلارمۇ بەك كونىراپ كەتتى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى كەمچىل، يېزىدىلىق ھۆكۈمەت كەنتكە ئىتتىرىدۇ، كەنت ھەل قىلىپ بېرەي دېسە قۇربى يەتمەيدۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ.

قارىغاندا ئۇ مېنى مائارىپ ئورۇنلىرىدىن كەلگەن بىر باشلىق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى مەن كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتىپ، ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. باياتىن بىرى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان سۆھبەتدىشىمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ بىردىنلا جىمىپ قالدى. مەن قىستاۋەرگەندىن كېيىن بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ بىر خىل خىجالەت بولغان ھالدا:

— مېنى تازىمۇ يامان يەردىن تۇتتىڭىز-دە، گەپنىڭ راستىنى دېگەندە مەندە سۆزلىگۈدەك نېمە بولسۇن؟ مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولدۇم. مەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، سەل قاقاسراق بولسىمۇ تۇغۇلغان يۇرتۇمنى ھېچيەرگە تەڭ قىلالمايمەن. بۇ يەرنىڭ شارائىتى شەھەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ناچار، لېكىن ماڭا ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلار تەقسىم قىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شارائىتى ياخشىراق جايلارغا ئالمىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ماڭىمۇ مۇشۇنداق قىلىشنى مەسلىھەت بېرىشتى، بىراق مەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدىم. چۈنكى بۇ يەرنى شارائىتى ناچار دەپ ئۇمۇ كەلمىسە، بۇمۇ كەلمىسە، كەلگەنلەر كېتىپ قالسا بۇ يەردىكى ئەۋلادلار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار ئوقۇشسىز قالسا ئىچىمىز ئېچىشمامدۇ؟

مەن ئۇنىڭ ھاياجاندا قىزىرىپ كەتكەن، شامالدا يېرىلىپ كەتكەن قاتاڭغۇر چىرايىغا، ئۆزىنىڭ ۋىجىك گەۋدىسىگە ماسلاشمىغان ھالدىكى يوغان پەنجىلىك قوللىرىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنىڭ قولىغا ئەمەس، بەلكى بىر دېھقاننىڭ قولىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا توختىماي بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان بۇ تاغلىق كەنتتە يېزا ئوقۇتقۇچىسى بولماقنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خىجالەتچىلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئەركىن، ئازادە پاراڭلىشىشقا دەۋەت قىلدىم.

— مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارىماق ئاسان ئىش ئەمەس. لېكىن كۆڭلۈمدىكى

بەزى كەپلەرنى قىلسام مېنى يەنە چوڭ مۇقامدا گەپ قىلىشقا ئامراق ئىكەن دەپ قالماڭ. مەن مائارىپ ساھەسىگە تاسادىپىي كىرىپ قالغان ئادەم. باشتا خېلى قىينالدىم، بەزىدە بۇنچىۋالا ھەرەج تارتقۇچە بېرىپ دېھقانچىلىقىمنى قىلسام بولمىدىمۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. بىر ئاخشىمى كەنتىمىزدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئايال يېزا ئوقۇتقۇچىسى» دېگەن كىنوسى قويۇلدى. كىنونى كۆرۈۋېتىپ كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى، بۇ گويا مەن ئۈچۈنلا ئىشلەنگەن كىنودەك ھېس قىلدىم. بىر ئاجىز قىزنىڭ پېتىربورگ- دەك چوڭ شەھەردىن سىبىرىيىدىكى شارائىتى شۇ قەدەر ناچار بولغان بىر يېزىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلىقى نېمىدېگەن تەسىرلىك-ھە!...

ھالبۇكى ئۇ بولسا تېخى كونا چاررو- سىيە دەۋرىدىكى، مەن بولسام يېڭى دەۋردە پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان بىر ياش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆزۈمنىڭ يۇرتى: ئەجەبا مەن كىنودىكى ئاشۇ قىزچىلىك بولالمامدىم؟ دېگەن- لەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈشۈم بىلەن كۆز ئالدىم لاپپىدە يورۇپ كەتتى. بۇرۇن قانداق قىلىش ھەققىدە كۆڭلۈمدە سان بولمىغان بولسا ئەمدى ئىدىيەمدە چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئۆمۈر بويى مۇشۇ يۇرتۇمدا ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە ئۆزۈمنى ئاتا قىلىش ئىرادىسى پەيدا بولدى.

دەرۋەقە، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىدىكى ھەقىقىي گەپلىرىنى قىلغانىدى. دېھقان ئۆيىدىن چىققان بۇ ياش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆزىگە ئاشۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ئەمما تولىمۇ جاپالىق ئىشقا ئاتىغانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

## 2

ئەگەر بىز تارىخ بېتىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى كۆرىمىز. بىراق شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قەھرىمانىنى دەۋر يارىتىدۇ، يەنە ئېسىل ئۇرۇقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق زۆرۈر بولغىنىدەك، قەھرىمان ئۈچۈنمۇ زامان، ماكان ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بىز تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتراپى- مىزنى ئوبدان كۆزىتىدىغان بولساق، مەيلى زاۋۇت، كان-كارخانىلار بولسۇن، ياكى خىلۋەت يېزا-قىشلاقلاردا بولسۇن، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت- لىرىنى بىجانىدىل ئىشلەپ، قىلچە مىننەت قىلماي، مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتلەردە سوروقچىلىقلارغا ئۇچرىغاندىمۇ ھېچكىمدىن ئاغرىنماي، نۇرغۇن يىللارنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان تولىمۇ ئادەتتىكى بەزى كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىگە يېزىلغۇدەك دەبدە- بىلىك ئىش-ئىزلىرى، كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىگۈدەك ئۇلۇغۋار نەتىجىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەتەن ۋە پارتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشتەك مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۈن-تىنسىز قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئويلايدىغان بولساق تەسىر- لەنمەي تۇرالمايمىز ھەمدە ئۇلارغا ئىخ- تىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيمىز.

جاپپار پەتتار دەل مۇشۇنداق، خەلق-

نىڭ ياۋاش كالىسى دېيىشكە مۇناسىپ
كىشى. ئۇ 1976 - يىلىدىن بۇيان داۋان-
چىڭ رايونىنىڭ «ھىلال ئاي كەنتى»
(يۆياۋەنسۇن) مەكتىپىدە ئۆزىنىڭ بارلى-
قىنى ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىن
ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلاپ، ئون
نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۇ 1976 - يىلى 9 - ئايدا
ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ «ھىلال
ئاي كەنتى» مەكتىپىگە تەقسىم قىلىنغان.
بۇ مەكتەپتە تۆت تەبىئىي كەنتتىكى تۆت
مىللەت دېھقان-چارۋىچىنىڭ پەرزەنتلىرى
ئوقۇيدۇ. كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى يىراق
بولغاچقا بۇ مەكتەپ ئىككى تارماققا
بۆلۈنگەن، ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتر ئەت-
راپىدا كېلىدۇ. سىنىپلاردىكى بالىلارنىڭ
ئوقۇش ئەھۋالى، ھەر مىللەتتىكىلەرنىڭ
سانى تۇراقسىز بولغاچقا كۆپىنچە ھاللاردا
سىنىپلار قوشما سىنىپ ھالىتىدە بولىدۇ.
بۇنداق قوشما سىنىپلارغا دەرس ئۆتۈش
مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە قارىغاندا كۆپ
قىيىن. چۈنكى بۇنداق سىنىپلارغا دەرس
بەرگەن ئادەم ئوخشىمىغان يىللىقلارنىڭ
دەرسىنى تەييارلاش ۋە ئۇنى ئۆتۈش،
شۇنىڭدەك سىنىپ مەسئۇلى ۋەزىپىسىنىمۇ
قوشۇمچە ئۆتەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا
سىرتتىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەنلەردىن
بەزىلىرى شارائىتنىڭ ناچارلىقىغا، خىزمەت
سىجىللىقىنىڭ ئېغىرلىقىغا چىدىماي بۇ
يەردىن كېتىپ قالغانىدى. ئوقۇتۇش ئىشلى-
رىنىڭ ئارقىدا بولغانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا
سەۋەبلەردىنمۇ بۇرۇن بۇ يەردىكى ئوقۇغۇ-
چىلار كۆپ ھاللاردا باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگى-
تە - تۈگەتمەيلا ئوقۇشتىن چېكىنىپ كېتەت-
تى - دە، بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ساۋات-
سىزلارغا ئايلىناتتى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ
دۆلەت، خەلق ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىغا قانچىلىك زىيان كەلتۈرى-
دىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان جاپپار
بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىشكە قەتئىي
نىيەت باغلىدى. ئۇ كەنتتىكى ئاتا - ئانى-
لارغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ،
بىلىم ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى.
بۇ چاغدا بەزىلەر:

— ئۇكا، گېپىڭىز توغرا، بىراق بىز-
نىڭ بالىلار ھەرقانچە ئوقۇغىنى بىلەنمۇ
يۇقىرى مەكتەپلەرگە چىقالمايدۇ، ئۇندىن
كۆرە بالىلىرىمىز ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا
ھەمكارلاشسا ئۆيگە ئاز - تولا يۆلەك
بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېيىشتى. بۇ گەپ
بىلەن جاپپار پەتتارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلى-
نىپ قالدى. دېمىسىمۇ راست، شۇ چاغلاردا
بۇ جايدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن
ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە
كىرەلىگەنلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى
ئەمدىلا باشلىغان جاپپار پەتتار كەنتتىكى
ئاتا - ئانىلارنى ئەمەلىي پاكىت بىلەن
قايىل قىلىش ئۈچۈن ئۆز خىزمىتىنى جان-
جەھلى بىلەن ئىشلەشكە كىرىشتى. ئۇ
دەسلەپ 3- ۋە 5- سىنىپ ئارىلاش بولغان
قوشما سىنىپنى قوبۇل قىلىپ ھەممە
پەنلەردىن دەرس ئۆتۈشنى زىممىسىگە
ئالدى. كۈندۈزى ئالتە سائەتلەپ دەرس
ئۆتسە، كېچىسى كىرسىن لامپىنىڭ يورۇقى-
دا تۆت - بەش سائەتلەپ تاپشۇرۇق تەك-
شۈردى، ئەتىكى دەرسنى تەييارلىدى ۋە
كەسپىي ماتېرىياللارنى ئۆگىنىپ ئوقۇتۇش
مېتودىنى ئۆستۈردى. «ئەجىر قىلساڭ
ھالاۋىتىنى كۆرىسەن» دېگەندەك، جاپپار
پەتتارنىڭ بىر نەچچە يىل جاپالىق تىرى-
شىشىنىڭ ئاخىرى نەتىجىسى كۆرۈلدى.

1980-يىلى «ھىلال ئاي كەنت» مەكتىپىدىن 12 نەپەر ئوقۇغۇچى بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ھەممىسى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

بۇ خەۋەر «ھىلال ئاي كەنتى» دە بومبا پارتلىغاندەك تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا گۇمان بىلەن قارىغۇچىلار، بالىلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈشنى ئويلىغانلار قايىل بولدى ۋە نىيەتلىرىدىن ياندى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ كەنتتىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ھەر يىلى بىرمۇنچە بالىلار قوبۇل قىلىنىپ تۇرىدىغان بولدى، جاپپار پەتتار ئاخىرى جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق يۇرتداشلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى.

3

بىرقانچە يىل تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى خېلىلا يولغا چۈشتى. ئەمدىكى زېھنىي قۇۋۋىتىنى قانداق قىلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىنى يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان جاپپار پەتتار يەنە بىر يېڭى سىناققا دۇچ كەلدى. خۇددى «ياخشى ئىشنىڭ پۈتىقى تولا» دېگەندەك، تۇساتتىنلا بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن چېكىنگىلى تۇردى. بۇ ئىش جاپپار پەتتارغا خۇددى بىرسى كالىسىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك تەسىر قىلىپ بەكمۇ ئازابلاندى.

1982-يىلى يېزىلاردا مەسئۇلىيەتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتۈرە بېرىش يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋانچىڭ رايونىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى مىللىيلار بولغاچقا دىنىي پائالىيەتلەرمۇ بىر مەزگىل كۈچىيىپ كەتتى. بۇ ھال بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىمۇ ئارقىدا بولغان مائارىپ ئىشلىرىغا جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى دىنىي كۈچلەر بىلەن مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى ياش ئەۋلادلارنى تالىشىش كۈرىشى ئىدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى چوڭقۇر ھېس قىلغان جاپپار پەتتار بەكمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئاخىرى بۇ ئەھۋاللارنى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشقا ھېچكىم ئېنىق بىر نېمە دېيەلمىدى. يۇقىرى بىلەن سۆزلىشىپ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن جاپپار پەتتار بۇ ئىشنى ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ ھەل قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ كۈندۈزى ئادەتتىكىدەك ئۆز خىزمىتىنى ئىشلىسە، كەچلىرى پىيادە نەچچە كىلومېترلاپ يول يۈرۈپ (بۇ يەردىكى تەبىئىي كەنتلەر بىر قەدەر تارقاق جايلاشقان بولۇپ، بەزى كەنتلەر ئۇ تۇرغان يەردىن 4 — 5 كىلومېتر يىراقلىقتا ئىدى) بالىلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرىمىز دەۋاتقان ئاتا-ئانىلارغا خىزمەت ئىشلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ بەزىلەردىن تىل-ھاقارەت ئىشىتتى. بەزىلەر تاپا-تەنە قىلىشتى. ھەتتا بەزىلەر:

— ئۆزۈڭگۇ ئىمانىڭ يوق بىر نېمە، ئەمدى بالىلىرىمىزنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتساق سېنىڭ نېمە كارىڭ، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت بىر نېمە دېمىگەن يەردە سەن نېمە تىلىڭنى چاينايسەن؟ — دەپ تەتۈرلۈك قىلغاندىمۇ جاپپار پەتتار ھەرگىز توختاپ قالمىدى. بەزىلەرگە بۇنىڭدىكى پايدا-زىياننى تەكرار چۈشەندۈرۈپ سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىسە، بەزىلەرگە يۇقىرى ئورۇنلارغا ئېيتىمەن دەپ تەھدىتمۇ سالدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ، دىنىي مەكتەپكە كىرىپ كەتكەن ئوقۇ-

غۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاخىرى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئاشۇنداق ئۈلگە بولارلىق خىزمەت ئىشلىشى ئارقىلىق 1987 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

جاپپار پەتتار بۇنىڭدىن ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەنسىرىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بۇيانقى پارتىيىگە كىرىش ئارزۇسىنىڭ رېئاللىققا ئايلانغىنىدىن خۇشال بولغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ئويلىدى. ئەمدى يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلىمىسە پارتىيىگە، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ سەل ئەندىشىمۇ قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ نەچچە كېچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇزۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۆز يۇرتىنىڭ ئارقىدا قېلىۋاتقان مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، پارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا ھەرگىز داغ كەلتۈرمەسلىككە قەتئىي بەل باغلىدى.

جاپپار پەتتار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىجانىدىل ئىشلەش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا ئۇ يەنە مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورۇنلارنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى.

جاپپار پەتتار 1983 - يىلى داۋانچىڭ ئوقۇتۇش رايونى بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى، 1984 - يىلى داۋانچىڭ رايونلۇق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقدىرلەندى. 1985 - يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

مەن ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن:

— سىز بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مەن مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە خەلق كۈتكەندىكىدەك ئىشلەش ئۈچۈن كەسپىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىم زۆرۈر، لېكىن ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇڭا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا ئىمتىھان بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتىپىمىزنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرى بار، كۆپچىلىكنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ھەل قىلالىغۇدەكنى ئۆزىمىز بىر تامام قىلىپ ھەل قىلىمىز، ھەل قىلالمىغانلىرىنى ئالاقىدار ئورۇنلارنى ئىزدەپ ۋاقتىدا ھەل قىلىپ مەكتىپىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشكە بارلىقىمنى ئاتاپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىر بىزنىڭ مەكتەپتە ئىككى قارايېتىم بالا بار، مەن ھازىر ئۇلارغا ئىگە بولۇپ مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ ئوقۇشتىن قالماسلىقىغا ھەر جەھەتتىن ئىگە بولىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلار قوشۇنىغا ئەزا بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ گەپلىرى ۋە چىرايىدىكى قەتئىي ئىپادە مەندە دېھقان ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان بۇ ئوت يۈرەك باغۋەنگە بولغان ھۆرمىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلار تىلەپ خوشلاشتىم.

# مۇقەددەس ئوت

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

شۈي زېمىڭ

ھەبىبۇللا رېقىپ تەرجىمىسى

1990 - يىلى 7 - ئاپرېل.

قەدىمكى لياڭشەن تېغىنى بۇ ئالاھىدە كۈنلەردە بەكمۇ جىددىيلىك بېسىپ كەتتى. كەچقۇرۇن، قاتمۇ - قات تاغلار بىلەن ئورالغان شىچاڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەركىزى قويۇق بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغانىدى. چاقماق چېقىپ سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. «ئۇزۇن سەپەر 3 -» توشۇغۇچى راكېتانىڭ غايەت زور گەۋدىسى بورانلىق يامغۇردا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. راكېتا گەۋدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بىلەن «جۇڭگو ئالەم قاتنىشى» دېگەن خەتلەر كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

سائەت 7 دىن 30 مىنۇت ئۆتتى. بۇ چاغ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى تارقىتىشنىڭ ئالتۇن ۋاقتى ئىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، شىچاڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەركىزىنىڭ مەسئۇلى «قويۇپ بېرىش مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدا ئېلېكترلىك بۇلۇت قاتلىمى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش بىر سائەت 30 مىنۇت كېچىكتۈرۈلىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى.

زامانىۋىلاشقان قوماندانلىق - كونترول قىلىش مەركىزى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى سۈنئىي ھەمرا تەشكىلاتلىرىدىن كەلگەن 200 نەچچە ئالەم قاتناش مۇتەخەسسىسلىرى ھەممىدە ياشىڭ، شۇبس، تېپىلى شىركەتلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ چىرايىدا خاتىرجەمسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بەزىلەر ئۆزئارا پىچىرلىشاتتى، بەزىلەر چوڭ زال ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشاتتى.

شۇ ئارىدا ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى دان. بىرىيىنى باشقا بىر مەنزىرە ھەيران قالدۇردى — راكېتا قويۇپ بېرىش مەيدانىنىڭ مۇھاپىزەت لىنىيىسىنىڭ سىرتىدىكى تاغ باغرىدا، شاللىقلاردا ۋە جىلغىلاردا مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان خەنزۇ، لىزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت ئاممىسى غۇژمەك - غۇژمەك توپلاشقانىدى. ئۇلار قوللىرىدا شەمشات ۋە بامبۇكتىن ياسالغان مەشئەللەرنى كۆتۈرۈشۈۋالغان بولۇپ، خۇددى قەدىمىي ۋە مۇقەددەس بىر مۇراسىمغا قاتنىشىدىغاندەك جىددىي قىياپەتتە ئىدى. ئەرلەر، ئاياللار،

قېرىلار ۋە بالىلار يامغۇردا جىمجىت تۇرۇشاتتى. پۈتۈن تاغ باغرىدا مەشئەلەر چاقناپ، ئوت يورۇقى سەمىمىي، مۇلايىم سېرىق چىرايلارنى يورۇتاتتى. بورانلىق يامغۇر ئىچىدە مەشئەلەر بارغانچە كۆپىيىپ بىر-بىرىگە تۇتىشىپ پۈتكۈل ئېدىر قايىنام-تاشقىنغا چۆمۈپ يانماقتا ئىدى. بىرىيىنىڭ دىلىدا «مۇقەددەس ئوت» دېگەن ئۇقۇم يالىلدە پەيدا بولۇپ «پىرومېتى ئاسماندىن ئوت ئوغرىلاپ كەلگەن قەھرىمان. سويرىننىسى بولسا① ياغاچنى سۈركەپ ئوت چىقارغان ئىلاھ!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

## شەرقنىڭ چەك ئېلان قىلىشى

1957-يىلى 4-ئۆكتەبىر سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بەرگەندىن بۇيان دۇنيا بويىچە 100 دىن ئارتۇق سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىلدى. لېكىن بۇلار ساپلا ھەربىي ئىشلار ياكى ئىلمىي تەجرىبە ئىشلىرى ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، جامائەت ئالاقىلىشىش ۋە سودا مۇلازىمەت ساھەسىگە كىرىش ئۈچۈن يەنە كۆپ مۇساپىنى بېسىش كېرەك ئىدى.

1965-يىل 6-ئاپرېل ئامېرىكا مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققان دېلتا راكېتاسى دۇنيا سودا سۈنئىي ھەمرا تارىخىنىڭ تۇنجى سەھىپىسىنى ئېچىپ بەردى.

دېلتا راكېتاسىنىڭ كۆكتە قالدۇرغان ئاقۇش ئىزى يىراقتىن 20 يىلدىن كېيىن يەنى 1985-يىل 26-ئۆكتەبىر ئېلىمىز سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قايتۇرۇپ كېلىنىدىغان سۈنئىي ھەمرانىڭ يەتتىنچىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايتۇرۇپ كەلدى. ئىككىنچى كۈنى «خەلق گېزىتى»نىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ستونىدا شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ تېلېگراممىسى بېسىلدى: «ئېلىمىز ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان ‹ئۇزۇن سەپەر-2›، ‹ئۇزۇن سەپەر-3› نامىلىق توشۇغۇچى راكېتالار خەلقئارا بازارلارغا سېلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خېرىدارلارنىڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش كەسپىنى ھۆددىگە ئالىدۇ. جۇڭگو خەلق ستراخوۋانىيە شىركىتى خەلقئارا بازارلارنى ئېتىبار باھا بويىچە ئىقتىسادىي ستراخوۋانىيە بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ».

1985-يىل 9-ئاينىڭ 13-كۈنى فرانسىيەنىڭ ئارىيانا نامىلىق راكېتاسى ئاسمانغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پارتلاپ كەتتى. ئېلىپ ماڭغان ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭ ئىككى دانە خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراسى كۆككۈم تالقان بولۇپ كەتكەندى.

1986-يىل 1-ئاينىڭ 28-كۈنى ئامېرىكىنىڭ كېننېدى ئالەم قاتناش مەركىزىنىڭ 10 ئىنگلىز مىلى ئېگىزلىكتىكى ئاسماندا، ئاق تۈتۈن چىقىرىپ ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقان «خىرىستچى» نامىلىق ئالەم ئايروپىلانى «گۈلدۈر» لىگەن قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ پارتلاپ بىر پارچە قىزىل ئوت يالقۇنىغا ئايلاندى. يەتتە نەپەر ئالەم ئۇچقۇچىسى ھالاكەتكە ئۇچراپ دۇنيا بويىچە ئادەم ئېلىپ ئالەمگە

① سويرىننىسى جۇڭگو رىۋايەتلىرىدە ئوت چىقىرىشنى كەشپ قىلغان ئىلاھ.

باش دىرېكتورى» دېگەنلەرگە قارىدى. ئۇ كەسپىي ئادەت خۇسۇسىدىن:

— سىز شىركىتىڭىزلارنىڭ قانداق كونكرېت ئويلىرى باركىن؟ — دەپ سورىدى. بەلكى ھەر ئىككىسى بىر قېتىم سىستېمىدىن بولالمىغىنىمىكىن، ۋاڭ ئەپەندى ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچماي، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئاسىيادا ھازىر رايون خاراكتېرلىك كەسپىي خەۋەرلىشىش سۈنئىي ھەمراھسى يوق بولغاچقا، ئۇ، مۇشۇ تېخى ئېچىلمىغان بوشلۇقتا بىر زور سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش تورى قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، «ئۇزۇن سەپەر 3 —» توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق بۇ كەلگۈسى نىشانىنى يەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

مۇئاۋىن دىرېكتور چېن بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا سورىدى:

— قايسى تىپتىكى سۈنئىي ھەمراھنى قاللاپ ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— ئامېرىكا شۇس شىركىتى ياسىغان «غەرب يۇلتۇزى — 6» سۈنئىي ھەمراھسىنى ئىشلەتمەكچىمىز.

مۇئاۋىن باش دىرېكتور چېن ئۆزىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. نېمە ئىش بۇ، نېمىشقا بۇ سۈنئىي ھەمراھقا يەنە دۇچ كېلىپ قالدۇق... ئۇنىڭ خىيالىدا ھېلىقى تارقالماس تۇمان كىرىۋېلىپ، ئاستا - ئاستا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

— بۇ سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئالدىنقى بىر خوجايىنىنىڭ قانداق قىلارچە ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ۋاڭ ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ قەسەم قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە مۇنداق دېدى:

— رەھىل ئامېرىكىنىڭ تەيلور شىركىتى ۋەيران بولغانلىقى سەۋەبىدىن، مەن بۇ ئىشنى داۋاملىق ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىمەن. ئۆزۈمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا، جۇڭگو راكېتاسى چەتئەللەرنىڭ سۈنئىي ھەمراھسىنى قويۇپ بېرىش ئىقتىدارىغا پۈتۈنلەي ئىگە بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچىمەن.

مۇئاۋىن باش دىرېكتور چېن گەپ قىلمىدى. ئەكسىچە بۇ كىشىنى ئۈچۈن بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشتى. چۈنكى ئۇ ئاپەتنى كۆپ، قىيىنچىلىقى زور بولغان سۈنئىي ھەمراھ ئىدى. شۇڭا بۇ سۆھبەت كىشىگە بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بېغىشلاشتىن مۇستەسنا بولالمىدى. 1984 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «غەرب يۇلتۇزى — 6» ئامېرىكا ئالەم ئايروپىلانى ئارقىلىق ئاسمانغا چىقىرىلدى. ئەپسۇسكى، كونترول قىلىش سىستېمىسىدا كاشىلا چىققانلىقتىن، ئوربىتىغا كىرەلمەي پەقەت ئاسمان بوشلۇقىدا بىكارلا سەرگەردان بولۇپ ئۇچۇپ يۈردى.

توققۇز ئايدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ «خېرىدىچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى (ھەركۈر ئايروپىلان 14 ئايدىن كېيىن پارتلاپ كەتكەن) ھېلىقى سۈنئىي ھەمراھنى قوغلاپ يەتتى. ئالەم ئۇچقۇچىسى جاندا بالەن ئەيازلار 14 قېتىملىق ئۇچۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئالەم كېمىسى كابىنكىسىدىن سىرتقا

چىقىپ، سىنئىي ھەمرانى ئالەم ئايروپىلانىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ئامېرىكىنىڭ شۇ شىركىتى بۇ سىنئىي ھەمرانى رېمونت قىلىپ يېڭىلىدى. تەيلور شىركىتى قەرز ئېلىپ ئۇنى سېتىۋېلىپ، جۇڭگو راكېتاسىنىڭ ئۇنى 36000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوربىتىغا چىقىرىپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ جۇڭگو راكېتاسى بىلەن ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىدى.

لېكىن، جۇڭگو ـ ئامېرىكا تېخنىكىلىرى كۆپ قېتىم ماسلىشىپ، ئۇنىڭغا ئالەم بوشلۇقىغا كىرگۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى لىنىيىسىنى بىرلىكتە تاللاۋاتقان ۋاقتىدا، سىرلىق بىر كرىچ مەيدانغا چىقتى. بانكىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قەرز بېرىشنى رەت قىلىپ، تەيلور شىركىتى ۋەيران بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ۋاڭ ئەپەندى بۇ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ باشقا يول تۇتۇش قارارىغا كەلدى.

1987 - يىل 2 - ئاي. بېيجىڭدىكى ئىپار گالىرا مېھمانخانىسىدا، ۋاڭ ئەپەندى بىلەن بىز تەرەپنىڭ ۋەكىلى توختامنامىگە رەسمىي قول قويۇشتى، ۋاڭ ئەپەندى تەيلور شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى قول قويغاندىن ئوخشاش ئورۇنغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تەنتەنە بىلەن يازدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئالدى. قول قويۇش مۇراسىمىدىن كېيىن، ۋاڭ ئەپەندى دەرھال ئامېرىكىغا قايتتى.

1989 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ھەيۋەتلىك خەلق سارىيىدا، ئاسىيا سۈنئىي ھەمرا شىركىتى بىلەن جۇڭگو ئۇزۇن سەپەر شىركىتى 1990 - يىل 4 - ئايدا «ئۇزۇن سەپەر 3 -» راكېتاسى بىلەن «ئاسىيا 1 -» سۈنئىي ھەمراسىنى (ئەسلىدىكى «غەرب يۇلتۇزى 6 -») قويۇپ بېرىش توغرىسىدا توختام تۈزۈشتى. بۇ 1.24 توننا ئېغىرلىقتىكى سۈنئىي ھەمرانىڭ 24 دانە C چاستوتىلىق تارقىتىش ئۈسكۈنىسى بولۇپ، جەنۇب، شىمالدىن ئىبارەت ئىككى دولقۇن دەستىسى بار. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 105 گرادۇس ئېكۋاتور ئاسمىنىدا بولىدۇ. سۈنئىي ھەمرانىڭ ئىشلىتىلىش ئۆمرى 10 يىل بولىدۇ. 80% تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 40% ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭكىنى، 40% سودا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭكىنى تارقىتىدۇ. سودا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى مۇزىكا، تەنتەربىيە، خەۋەر، كىنو فىلىم، مائارىپ ۋە بالىلارغا ئائىت مەخسۇس پروگرامما قاتارلىق قاناللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. باشقا ئىقتىدار جەھەتتە جامائەت خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ۋە مەخسۇس خەۋەرلىشىش سىستېمىسى ئىچىدە ئىشلىتىلىپ، ئۇ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، سۈرەتلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش، سان - سىفىرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئاسىيا 1 -» سۈنئىي ھەمراسىنىڭ تارقىتىش قاپلاش دائىرىسى ئاسىيادىكى 30 نەچچە دۆلەت بولۇپ، ئىقتىدار جەھەتتە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ۋە جۇڭگونىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدىكى 2.5 مىليارت نوپۇسنى ئىلغار ئالاقىلىشىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىزۋېستىيە گېزىتى «2.5 مىليارت ئادەم-

نىڭ سۈنئىي ھەمراسى» دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا «جۇڭگونىڭ راكې-تاسى ئاسىيانىڭ يىراق مۇساپىلىق خەت - ئالاقە ۋە خەۋەرلىشىش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئاچتى. «ئاسىيا 1 -» سۈنئىي ھەمراسى بۇندىن كېيىن پۈتكۈل ئاسىيا دۆلەتلىرى تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىجتىمائىي، سانائەت ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە مۇھىم تەسىر پەيدا قىلىدۇ» دەپ يازدى.

يېقىندىلا، ئاۋىئاتسىيە ئالەم قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇن جيادۇڭ يېتەكچىلىكىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئامېرىكىغا بېرىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش سودىسىنىڭ ماددىلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى، سۆھبەت سورۇنى ۋاشىنگتون ئاق سارايدىكى ھۆكۈمەت بىناسىدا بولدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش سودىسىنىڭ شەرتنامىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ئەسلەتمىگە رەسمىي قول قويۇشتى. چەتئەل خەۋەرلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، 1995 - يىلىدىن بۇرۇن، مەزكۇر شەرتنامە بويىچە جۇڭگو چەت ئەللەرنىڭ توققۇز دانە سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بېرىشكە سودىلاشقان.

جۇڭگو، ئاخىردا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئاسماندىكى ھېلىقى مەنئىي قىلىنغان مېۋىنى ئاخىر ئۈزۈۋالدى.

## ئېغىر بېسىلغان «ئۈچ قەدەم»

ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى ساھەسىدە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا 1979 - يىلى 6 - ئايدا بىرىنچى قېتىم ئۇلۇغ ئوكياننى ئاتلاپ ئۆتۈپ سىناپ بېقىش خاراكتېرلىك ئۇچۇشقانىدى. ئۇ كۈنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە كېلىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەلەپ قويدى. تەلەپتە جۇڭگونىڭ سۈنئىي ھەمرا كۆزىتىش سىستېمىسى، ئامېرىكىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن «ئالەم تەجرىبىخانىسى» نى كۆزىتىش، ئىزدەشكە ياردەم بېرىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

جۇڭگولۇقلار بۇنىڭغا كۈلۈپلا قويدى. شىئەن سۈنئىي ھەمرا كۆزىتىش مەركىزىنى ئاساس قىلغان ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىش سىستېمىسى پۈتۈنلەي ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار ئېلېكترون دولقۇنىدىن ئىبارەت قولىنى ئۇزىتىپ يەر شارىدىن 9000 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 36000 كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە توشۇغۇچى راكېتا بىلەن سۈنئىي ھەمرانى ئىز قوغلاپ كۆزىتىش، يىراقتىن كونترول قىلىش، ئۇچۇشنى باشقۇرۇش ھەمدە ھالىتىنى كونترول قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.

«ئالەم تەجرىبىخانىسى» ئامېرىكىنىڭ كېرەكسىز قىلىنغان تەجرىبە خاراكتېرلىك ئالەم بوشلۇقى پونكىتى ئىدى. ئۇ 1973 - يىلى 5 - ئاينىڭ

14 - كۈنى ئوربىتىغا كىرگۈزۈلگەن. ئامېرىكا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسىنىڭ مۆلچەرىچە، بۇ ئۇچار جىسىم ئاز بولغاندا ئالەم بوشلۇقىدا 1982 - يىلىغىچە ھەرىكەت قىلالايتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر ئالەم ئايروپىلانىنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما شۇ يىللاردا قۇياشتىكى قارا داغ ھەرىكىتى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولۇپ، يۇقىرى ئاتموسفېرا تېمپېراتۇ- رىسى ئۆرلەپ كېتىپ، سۈنئىي ھەمراغا بولغان توسقۇنلۇق كۈچىيىپ كەتكەچ- كە، ئۇ يەر شارىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

بۇ ئەھۋال ئامېرىكا ئالەم قاتنىش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەمـ- تىرىتىپ، پۈتكۈل ئالەم قاتنىش پىلانىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئاق سارايـ- دىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى جىمى. كات ئالەم قاتنىش ئىدارىسىنىڭ: «ئالەم تەجرىبىخانىسى» نىڭ كۆپ قىسىم پارچىلىرى ئاتموسفېرادىن ئۆتكەندە ۋەيـ- ران بولۇپ، تەخمىنەن چوڭ - كىچىك جەمئىي 500 پارچە ئەتراپىدىكى پارچى- لىرى يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. ناۋادا ئاھالە رايونلىرىغا چۈشۈپ كەتسە، ئاقى- ۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن...» دېگەن جىددىي دوكلاتنى ئوقۇدى. كات ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «جىددىي قۇتقۇزۇش پىلانى» نى تەستىقلىدى. پىلاندا ئىز قوغلاش ئىقتىدارى بولغانلىكى دۆلەتلەرنىڭ «ئالەم تەجرىبىخانىسى» نى كۆزىتىشكە ياردەم بېرىشى چاقىرىق قىلىنغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ لاسادىن چاڭچۈنگىچە، قەشقەردىن خەيـ- نەنداۋ ئاراللىرىغىچە 20 نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارقالغان سۈنئىي ھەمرا كۆزىتىش ستانسىسى «ئالەم تەجرىبىخانىسى» نى تېزلا تېپىۋالدى. ئۇ ھەر 90 مىنۇتتا يەر شارىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ، ھەر تۆت يېرىم كۈندە بىر قېتىم ۋاشىنگتون، پارىژ، بېيجىڭ، توكيو... لار ئۈستىدىن ئۇچۇپ بۇ شەھەرلەرنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى غايەت زور ئاپەت بولۇپ قالغانىدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو ئالەم قاتنىش كۆزىتىش مۇتەخەسسىسلىرى رەسمىي ھالدا ئامېرىكىنىڭ «ئالەم تەجرىبىخانىسى» نىڭ مەركىزىي قىسمى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت نۆلدىن 34 مىنۇت ئۆتكەندە شەرقىي مېرىدىئان 108°55′ جەنۇبىي پاراللېل 41°30′ جەنۇبىي ھىندى ئوكيانىنىڭ ئاۋىستراليە غەربىي جەنۇبىي دېڭىز رايونىغا چۈشىدۇ دەپ ئالدىن مەلۇ- مات بەردى. ئاسمان بوشلۇقىدا ئالتە يىل يۈرگەن بۇ ئالەم قاتنىش ئاپپاراتى توپتوغرا ئالدىن خەۋەر قىلىنغان رايونغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زور بىر پارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى 2000 كىلوگرام ئىدى! ئوكيانىنىڭ ئەتىكى قىرغىقىدىكى كىشىلەر خاتىرجەم بولۇپ، بىرىنچى قېتىم تەبەسسۇم قىلىدى. ناۋادا بۇنى جۇڭگو - ئامېرىكا ئالەم قاتنىش ئالىملىرىنىڭ بىر قېتىملىق يۈز كۆرۈشكەن ھەمكارلىشىشى دېسەك، ئۇ ۋاقىتتا «ئاسىيا - 1» سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بېرىشنى بىر قېتىملىق قولنى - قولغا تۇتۇشۇپ يۈز تۇرانە ھەمكارلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ ئالىملىرى شەرتنامە تۈزۈ-

شۇپ رەسمىي ھالدا سۇنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشتىن بۇرۇن سۇنئىي ھەمرا بىلەن راكېتا ئۈچ قېتىم تېخنىكا جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇلدى.

يۇمۇرغا باي ئامېرىكىلىقلار «ئۇلار ئەمدى ئالدى بىلەن ۋالىستا چۈشسۇن» دېدى. ئەمما بۇ تانسا ھەقىقەتەن ئازادە ئوينىيالمىدى.

1989 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

جۇڭگونىڭ يەن - تېخنىكا ئەلچىلىرى ئەمدىلا سۇنئىي ھەمرا بىلەن دىدار كۆرۈشۈش بىلەنلا، شۇس شىركىتى جۇڭگونىڭ راكېتاسىغا مېخانىكىلىق تۇتاشتۇرۇش ئېغىزى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى، ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى، سىلكىنىش قاتارلىق بىر مۇنچە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن بۇرۇن تەيلور شىركىتى، ۋاك ئەپەندىلەر ئارقىلىق بۇ توغرىدا بىر ئاز چۈشەنچە بولغاچقا، جۇڭگو يەن - تېخنىكا ئەلچىلىرى ئالدىرىماي - تېنىمەي قېلىدىن كەلگەن ھۆججەت خالتىسىنى يېشىپ بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇلغان چىرتيوژ - ماتېرىياللارنى چىقىرىپ كۆرسەتتى. شۇس شىركىتىنىڭ تېخنىكلىرى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ھەممىدە ئۈزلۈكسىز تېزدە سۇنئىي ھەمرانىڭ تېخنىكا تەلىپىگە ئاساسەن سېلىشتۇراتتى، توغرىلاپ كۆرەتتى.

— ئۆتكۈنچى ئۈلگىنىڭ رازمېرى سۇنئىي ھەمرانىڭكى بىلەن ئوخشىمايدىكەن.

جۇڭگو يەن - تېخنىكا ئەلچىلىرىنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ھەقىقەتەن ئۈلگە گەۋدىسىنىڭ ماۋۇم بىر زاپچاسىنىڭ يەتتە مىللىمېتىر پەرق قىلىدىغانلىقى بايقالدى. ئۇ سۇنئىي ھەمرا بىلەن راكېتانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا شۇس شىركىتىنىڭ پىكرىدىنمۇ ئالغان. بۇ قېتىم ئۇنى تۇتاشتۇرۇش سىنىقىدا ئىشلەتمەكچى ئىدى. ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەلەپپۇزى قوپقۇرۇق، ھېچقانداق ھېسسىيات سىياقى بولمىغان ھالدا:

— بۇ قېتىمقى سىناق بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلامدۇ - يوق؟ — دېدى. ئۇلار بىر ئاز ئۈمىدسىزلەنگەندى.

— ئالدىرىماڭلار، بىرەر چارە تېپىلىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى. جۇڭگو يەن - تېخنىكا ئەلچىلىرى تەمتىرىمەي. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالمايۋاتاتتى! خەلقئارا قائىدە بويىچە، توختام تۈزۈشۈپ تاكى بىر سۇنئىي ھەمرانى ئوربىتىغا قويۇپ بەرگۈچە 33 ئاي تېخنىكا تەييارلىق باسقۇچى كېتەتتى. ئەمما «ئاسىيا 1 -» سۇنئىي ھەمراسىنى قول قويۇلۇپ ئوربىتىغا قويۇپ بەرگۈچە 15 ئاي ۋاقىت بېرىلگەن بولۇپ، بۇ بىزدىن خەلقئارا قائىدىدىن بىر ھەسسە تېز بولغان سۈرئەتنى ئېلىپ چىقىشنى مەجبۇر قىلاتتى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۆزگەرتىلگەن ئۆتكۈنچى ئۈلگە باشقىدىن سىناق مەيدانىدا پەيدا بولۇپ، دەرھال «ئاسىيا - 1» سۇنئىي ھەمراسى بىلەن خۇددى شىلىم بىلەن چاپلاپ قويغاندەك ھىم جىپسىلاندى.

ئۇنىڭدىن قىلچە يوچۇق تاپقىلى بولمايتتى...

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى، بېيجىڭ. جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككىنچى قېتىملىق تېخنىكا جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇش يىغىنىنىڭ يىغىن زالىدا ئامېرىكا ۋەكىلى گەپ باشلىدى:

— ھېسابلاشتا راكېتىنىڭ سىنالغىنىشتىكى بىر تەرەپكە قېيىش كىرچىنى ئويلاشقانمۇ؟ — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن، خۇددى قويۇق ئۈسكەن تەبىئىي ئورمانلىقتىن چىقىپ يورۇقلۇقنى كۆرگەندەك قىلىپ. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ھودۇقماي سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ياق، بىراق، بىز تولۇقلاپ ھېسابلاپ چىقالايمىز. ئۇنىڭ ئاۋازى بىر-ئاز تۇتۇق چىقتى. بۇ ناھايىتى كىچىك ھەتتا تىلغا ئالغۇچىلىكمۇ يوق بولغان بىر ئامىل بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغانىكەن ئۇمۇ پرىنسىپالىي يوللۇق ئىدى.

12 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى، ئامېرىكىنىڭ لوس - ئانژېلىس شەھىرىدىكى شوس شىركىتىنىڭ سىنئىي ھەمرا زاۋۇتىدا، سىنئىي ھەمرا بىلەن راكېتانىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئاجرىلىشىش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگو پەن - تېخنىكىلىرى ھېسابلاش نەتىجىلىرى تېزلىكتە تېلېگراممىدا ئارقىلىق ئامېرىكىغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭدا ھەم «جۇڭگوچە» ھەم «ئامېرىكىچە» بولۇپ، ئىككى خىل ئۇسۇل كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئوخشاش چىقتى. بۇ قېتىم ئامېرىكىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى. ئېغىزغا ئالمىغانلىق قوشۇلغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

جۇڭگو - ئامېرىكا سۆھبىتىنىڭ ھارارىتى ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرگە چېتىلىشقا باشلىدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئامېرىكا ئاق سارايىنىڭ باياناتچىسى فىيسۇوت يەنە مۇنداق دېدى:

— بۇش زۇڭتۇڭ بىزگىن «ئاسىيا 1 -» سىنئىي ھەمراسىنى (ھەمدە يەنە باشقا ئىككى سىنئىي ھەمرامۇ بار) ئېكسپورت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسىنى تەستىقلىدى. بۇ قارار ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ چىقىرىلغان. چۈنكى بۇ ئامېرىكا شىركەتلىرىنى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق سوددىدىن بەھرىمەن قىلىدۇرىدۇ.

فىيسۇوتنىڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىي سېھرىي كىرچىگە ئىگە ئاۋازلىرى ئىچىدە، جۇڭگو - ئامېرىكا ئۈچ قەدەملىك باسقۇچنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەرىكىتىنى تاماملىدى. ھەممىسى شەرتنامىدىكى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ئىشلەندى. جۇڭگو تەرەپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان ۋە ئۆزگەرتىپ چىققان نەچچە ئون خىل سىنئىي ھەمرا ياردەمچى ئۈسكۈنىلىرىمۇ خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتتى. بىراق ئامېرىكا تەرەپ بىزنىڭ قۇيۇنسىمان راكېتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىدىن خاۋاتىرلەنگەچكە 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىلىشىش

سۇنئىي ھەمراسى بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە ماس قەدەملىك ئايلىنىدىغان ئوربىتىغا كىرگۈزۈلدى. ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىغان «ئۇزۇن سەپەر 3-» راكېتاسى بىر خىل باتۇرانە ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۈچ ـ قۇدرەتنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

## ئۇيقۇسىز ئۆتكەن باھار كېچىلىرى

«ئۇزۇن سەپەر 3-» توشۇغۇچى راكېتانىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شې گۇاڭشەننىڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشتە ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت سالمىقى غايەت زور ئىدى. دۆلىتىمىز جەمئىي بەش دانە ئالاقىلىشىش سۈنئىي ھەمراسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. ھەر قېتىمدىلا ئۇ نەق مەيدانغا كېلىپ، رەھبەرلىك قىلىپ، تۆت قېتىملىق باھار بايرىمىنى مۇشۇ ئېدىرلاردا ئۆتكۈزدى.

شې گۇاڭشەن 68 ياشقا كىردى. ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئۆمرى جۇڭگونىڭ راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى ئارىسىدا ئۆتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ لايىھىلەش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىر، مەلۇم چوڭ تىپتىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇدىر كېنىستىرۇكتورى، «ئۇزۇن سەپەر 3-» راكېتانىڭ باش لايىھىلەش ئىنژېنېرى بولغان...

بەلكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولسا كېرەك، ئەمدى ئۆزى لايىھىلەپ چىققان راكېتا ئارقىلىق ئامېرىكا لايىھىلىگەن سۈنئىي ھەمراسىنى ئاسمانغا چىقىرىشقا توغرا كەلدى. بۇ دەل ئۇ يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە قاتنىشىدىغان 49 ـ قېتىملىق چوڭ تىپتىكى ئۇچۇرۇش سىنىقى ئىدى.

شوس شىركىتىنىڭ باش ئالىمى سىتىنخور ھۆكۈمەت ئىش بىلەن شىچاڭ قويۇپ بېرىش مەركىزىگە كېلىپ «بىرىنچى، شې گۇاڭشەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئىككىنچى، راكېتانىڭ ئۇچۇش سىنىقىدىكى يۇمشاق زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك» دېگەن ئىككى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ۋەكىللەر ئىشىنىڭ چوڭلۇقىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ ئىككىنچى تەلەپ ھەرگىز كىچىك ئىش بولمىغاچقا:

— باش لايىھىلىگۈچى شې گۇاڭشەن ھازىر شىچاڭدا يوق ئىدى، — دېدى ئوڭايسىزلىنىپ:

— نەدە؟ — دېدى سىتىنخور دەرھاللا.

— شىچاڭدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قويۇپ بېرىش نەق مەيدانىدا.

سىتىنخور بىر ئاز يەڭگىللىنىپ، دەرھال تاغ ئىچىگە كىرىپ شې گۇاڭشەننى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلدى، سىتىنخور «ئاسىيا 1-» سۈنئىي ھەمراسىنى لايىھىلىگۈچى ئىدى. ئۇ يېتەكچىلىك قىلىپ لايىھىلىگەن بۇ خىل سۈنئىي ھەمراسىنىڭ ھېلىغىچە دۇنيا بويىچە 35 ى سېتىلىپ بولغان بولۇپ،

ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇن شىپگۇاڭشەن توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى پەقەت ئىنتايىن ئاز ئېلان قىلىنغان ئاشكارا ماتېرىياللاردىن كەلگەنىدى. جۇڭگو گېزىتلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، شىپگۇاڭشەن رەھبەرلىك قىلغان ۋە قاتناشقان چوڭ تىپتىكى قويۇپ بېرىش سىنىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈنۈمى 93% بولۇپ، غەربنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن كۆرۈنەرلىك ئېشىپ كەتكەن. بۇ سىرلىق جۇڭگو مۇتەخەسسىسى سىتىنىخورنىڭ قەلبىدە قىزىقىش ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىش ئۇرۇقىنى چاچقانىدى. سىتىنىخور سۈنئىي ھەمرا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ راكېتا مۇتەخەسسىسلىرىگە قارايدىغان ئالاھىدە نەزىرى بىلەن شىپگۇاڭشەنگە سەپسالدى.

سىتىنىخور راكېتانىڭ ئۇچۇش سىستېمىسىدىكى يۇمشاق زاپچاسلارنى جىددىي ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يۇمشاق زاپچاسلار كونترول قىلىش سىستېمىسىنىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندەك ناھايىتى نازۇك بىر ئىش ئىدى. ئاجايىپ مۈشكۈل ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەن شىپگۇاڭشەن پىچىرلىغاندەك سورىدى:

— قانچىلىك ئۆزگەرتىمىز؟

— 1853، — سىتىنىخور خىجىل بولغان ھالدا قورۇشۇپ قويدى، — بەلكىم بىر ئاز ئۆزگەرتىش بولۇشى مۇمكىن، بۈگۈن 2 - ئاينىڭ 7. دېمەك سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشكە پەقەت ئىككى ئايلا قاپتۇ.

سىتىنىخور يەنە مۇنداق دېدى:

— ئەگەر كېچىككەندىمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بىزنى بۇ ھەقتە توغرا سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىشىڭلار كېرەك!

ئادەتتە مەملىكەت ئىچىدە سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە، تۆت ئاي بۇرۇن سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىنىشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— ئىككى ئاي، — دەپ تەكرارلىدى.

ئۇ، بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ شەرتسىز ھالدا جۇڭگو ئالىم - پەن خادىملىرىنى چېكىنىش يولى ئۈزۈلگەن بىر قىيىنلىق كەسكىن ھايات - ماماتلىق جەڭگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. دېمىسىمۇ ئەمدى ھېچقانداق يول قالمىغان، پەقەت جان تىكىپ ئىشلىشىشلا كېرەك ئىدى!

بېيجىڭدىكى ۋەنيۈەن شىركىتىنىڭ باش شتابى، 12 - تەتقىقات ئورنى قاتارلىق ئورۇنلار 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۇچۇش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق زاپچاسلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال پەن - تېخنىكا دالاسىدا جاپالىق كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇۋەتتى.

ئون نەچچە كېچە - كۈندۈز تىرىشىش - تىرمىشىش ئارقىلىق، دەسلەپكى غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى. باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ توغرا سانلىق مەلۇمات-

لىرى بىلەن راكېتا تەپكىنىسىنىڭ سخېمىسى ئىشلەپچىقىرىلدى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى تېزلىكتە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەيدانىدا، جۇڭگو پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ئۇچۇش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاخىرقى ئۆتكەلگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىۋەتتى. پىرتكول جەڭ مەيدانىدا پوروخ ۋە يالقۇن كۆرۈنمىگەن بىلەن ھەر بىر قەدەم بېسىش ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلەتتى. قاتتىق زاپچاسلار تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئالمىشىپ باشقۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار يېڭى ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، بۇرۇن 80 كۈندە ئورۇنلاشقا بولىدىغان خىزمەت مىقدارىنى 20 كۈندە ئورۇنداپ بولدى. نەچچە ئون مىڭلىغان سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدىن بىرمۇ خاتالىق كۆرۈلمىدى!

ئۇچۇش سىستېمىسىنىڭ يۇمشاق زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۆز ۋاقتىدا تاماملاندى، ئەمما، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان زەنجىرسىمان تەسىر، راكېتا ئۈچۈن باشقا بىر تېخنىكىلىق زور قىيىن مەسىلىنى ئېلىپ كەلدى. ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى لايىھە بويىچە، سۈنئىي ھەمرانىڭ ئۇچۇش ئېگىزلىكىنى 1111·9 كىلومېتىر ئاشۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يەنى ئەسلىدىكى يەر يۈزىدىن 35786 كىلومېتىر ئېگىزلىكتىن 36897·9 كىلومېتىر ئېگىزلىككە چىقىرىش كېرەك ئىدى. نەتىجىدە دۇنيادىكى تىزراك - تىزمەن كۆزلەر جۇڭگوغا تىكىلدى. «ئۇزۇن سەپەر 3 - » توشۇغۇچى راكېتاغا تىكىلدى — بۇ خىل راكېتا 1984 - يىلى رەسمىي ئىشلىتىلىشكە سىنالغاندىن بېرى، تېخىچە مۇنچىۋالا ئېگىزلىكتىكى سۈنئىي ھەمرانى شۇنچە ئېگىزلىككە قويۇپ بېرىپ باقمىغانىدى.

## ئۇزۇن سەپەر يولىدا

شىنجاڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەركىزى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەردە بېسىپ ئۆتكەن يولغا قۇرۇلغان.

سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىدىغان توشۇغۇچى راكېتاغا «ئۇزۇن سەپەر» دەپ ئىسىم قويۇلغان. بىراق چەت ئەل سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن زامانىۋىلاشقان سۈنئىي ھەمرا زاۋۇت بىناسى بولۇشى كېرەك. بۇ بىر دۆلەتنىڭ ئالەم قاتنىشى يەر يۈزى ئەسلىھەلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم بەلگە. زاۋۇت بىناسىدىن ئىبارەت بۇ ئېغىر ۋەزىپە بېيجىڭ ئالاھىدە بىناكارلىق لايىھىلەش - تەتقىق قىلىش شۆبىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شۇ چاغدا، دۇنيادا پەقەت ئىككىلا دۆلەت مۇشۇنداق زاۋۇت بىناسىنى ياسىيالايدىغان بولۇپ، چېرتيوژ ماتېرىياللىرى مەخپىي تۇتۇلاتتى. جۇڭگو پەن - تېخنىكا خادىملىرى 20 نەچچە كىشىلىك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

كۆرۈپچىسىنى قوزغىدى. نەتىجىدە تېزلا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تېخنىكا لايىھىسى دۇنياغا كەلدى. ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش كۆرۈپچىسى ئۇلار ھەققىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئىمپورت قىلماي، ھەممىسىدە مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قاراتتى.

1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 6 دىن 25 مىنۇت ئۆتكەندە، ئامېرىكىنىڭ لوس - ئانژېلېس شەھىرىدىن ئۇچقان بوئىڭ - 747 ئايروپىلانى بېيجىڭ خەلقئارا ئايرودرومىغا ئاستا قوندى. «ئاسىيا - 1» سۈنئىي ھەمراسىنىڭ ئون نەچچە ساندۇق ئەسۋابلىرى جۇڭگو چېگرىسىدىن كىرىشتە تەكشۈرۈشتىن كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ سۈنئىي ھەمرا تېخنىكىسى مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش تەلىپى قاندۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سائەت 21 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، «ئاسىيا 1 -» سۈنئىي ھەمراسى شىچاڭغا يېتىپ كېلىپ، بەش سائەتتىن كېيىن «يېڭى ئۆي» گە ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئامېرىكا مۇتەخەسسىسلىرى يېڭىدىن سېلىنغان سۈنئىي ھەمرا زاۋۇت بىناسىنى تەكرار ئۆلچەپ كۆرۈپ ئىشەنمەيلا قالدى. پاكىزلىق دەرىجىسى خەلقئارا ئۆلچەمدىن 20 ھەسسە؛ ھارارەت كونترول قىلىش نازۇكلۇق دەرىجىسى جۇڭگو - ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ تېخنىكا توختامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىن تۆت ھەسسە ئېشىپ كەتكەن؛ بارلىق تېخنىكا كۆرسەتكۈچلىرى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكەن.

ئامېرىكىنىڭ ئىچكى خەۋىرىگە قارىغاندا يېرىم ئاي بۇرۇن، بىر دانە ئارىيان ناملىق راكېتا كۇرو ئالەم قاتناش مەركىزىدە ئاسمانغا ئۆرلەۋېتىپ پارتلاپ كەتكەن. ئىككى كۈن بۇرۇن، ئامېرىكىنىڭ «كۆچ ئىلاھى 3» راكېتاسى بىر خەلقئارا ئالاقىلىشىش سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بەرگەن ۋاقىتتا مەغلۇب بولغان. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار ھامان شۇنداق سوئاللارغا دۇچ كېلەتتى — نېمە ئۈچۈن يەن تېخنىكىسى تەرەققىي قىلمىغان، كىشى بېشىغا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 400 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشمايدىغان (بۇ ئامېرىكىنىڭ 1/47 گە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1/15 گە، شياڭگاڭ رايونىنىڭ 1/30 گە تەڭ) جۇڭگودا سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىززىتى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى دۇنيا رېكورتى يارىتالايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئالەم قاتناش تېخنىكىسى دۇنيا بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ؟ يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ ئالەم قاتناش ساھەسىگە سالغان مەبلىغى پەقەت ياپونىيىنىڭ 1/10 گە، فرانسىيىنىڭ 1/20 گە، ئامېرىكىنىڭ 1/300 گە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1/480 گە.... تەڭ ئەمەسمۇ!...

سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىش ۋاقتى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ سائەت 8 دىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت قولدىن كەتتى. «ئۇزۇن سەپەر 3 -» راكېتاسى ئىككىنچى بىر قويۇپ بېرىش كۆزنىكىگە — سائەت 9 دىن 30 مىنۇتقا توغرىلاندى. يۈز مىليونلىغان تەل-

پۈتكەن يۈرەكلەر ئاسمان ئىلاھىنى تەسىرلەندۈرگەن چېغى، قويۇق بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، قويۇپ بېرىش مەيدانىنىڭ ئۈستىدە سۈزۈك كېچە ئاسمىنى يۈز ئاچتى. تولۇن ئاي تىپتىنچ ئېدىرغا سەپسالماقتا ئىدى.

— 30 مىنۇت تەييارلىق قىلىنسۇن!

قويۇپ بېرىش مۇنارىدىن 200 نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى يەر ئاستى قويۇپ بېرىش كونترول قىلىش ئىشخانىسى. قويۇپ بېرىش قوماندانى ماۋشەن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قويۇپ بېرىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى خۇشياڭ، ئالەم قاتنىشى پېشقەدەم باش ئىنژېنېرى رېنشىنمىن، شېگۇاڭشەنلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، قويۇپ بېرىش تەرتىپىگە كىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. جۇمھۇرىيەتنىڭ زامانىۋىلاشقان سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش ئۆلچەش كونترول قىلىش ئاپپاراتلىرى ھەرىكەتكە كەلدى. نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئىككى دانە «دوربۇن» ماركىلىق ئالەم كۆزىتىش پاراخوتى ئىكۋاتورغا يېقىن ئۇلۇغ ئوكياندا كۈتۈپ تۇراتتى. پاراخوتتا ئوپتىكا، يىراقتىن ئۆلچەش، رادار قاتارلىق ئىلغار ئەسلىھەلەر ۋە ھېسابلاش ماشىنىلىرى ئىشقا كىرىشىپ، بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى. بۇ جۇڭگو ئېلىگە غۇرۇر ئېلىپ كەلگەن پاراخوت بولۇپ، 1978 - يىلى 12 - ئايدا سۇغا چۈشۈرۈلگەندىن باشلاپ، 10 قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى ئىلمىي تەجرىبە ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىغان. بۈگۈن ئۇ يەنە بىر قېتىم ئېكىپتىرلىك قولىنى ئۇزارتىپ، سۈنئىي ھەمرانى غايىبى كېنەزلىككە باشلاپ كىرىپ، مۇۋەپپەقىيەت خەۋەرلىرىنى ۋەتەن، خەلقىمىزگە يەتكۈزۈشكە تەييارلاندى.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 نەچچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا تارالغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئالەم ئۆلچەش كونترول قىلىش ئەسلىھەلىرى جىددىي ئىشقا كىرىشىپ، سۈنئىي ھەمراغا ئالتۇن رەڭلىك يول ياساپ بەردى. ھەرقايسى رادار پونكىتلىرى، ئىز قوغلاش سېتكىلىرى بىرلىكتە سۈنئىي ھەمرا ئۇچىدىغان ئاسمان بوشلۇقىنى نىشانغا ئالدى.

پۈتۈن يەر شارى شىچاڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەركىزىگە كۆز تىكمەكتە...

قويۇپ بېرىش قوماندانى ماۋشەن دۇنيانىڭ سالمىقىنى ھېس قىلىپ، نەپەس ئېلىشمۇ جىددىيلەشتى ھەم ئېغىرلاشتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىلىكىدىكى قاردىلىقنى سىلاپ قويدى. بۇ قېتىملىق ۋە ئالدىنقى قېتىملىق سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىدىغان ھالقىلىق پەيتتە، ئاپىسى بەرگەن قېيىن

ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بىراق ئۇ، بۇ يەردىن ئايرىلالمىدى. ئەتىكى مۇسابىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرىنىمۇ كۆرەلمىدى.

ماۋشەن ھېسسىيات تولغانلىرىنى كونترول قىلىپ، تەمكىن ھالدا ئېلان قىلدى:

— ھەر بىكەتتە ئەندۇرۇلسۇن، راكېتا ئوت..... ئۇ ئەمدىلا «ئاتىدۇرۇلسۇن» دېگەن بۇيرۇقنى بەرگىچە، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئەھۋال بىلەن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

راكېتانىڭ ئىستىنكى قىسمىدىن ئاق ئىس پۇرقىراپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئىس بارغانچە قويۇقلىشىپ باراتتى. سۇيۇقلاشتۇرۇلغان ۋودورود باكىدىن سىرغىش ھادىسىسى كۆرۈلگەنىدى.

— سۇيۇق ۋودورودنىڭ سىرغىش سۈرئىتى سۇدىن 50 ھەسسە تېز بولۇپ، ھاۋادىكى ۋودورود مىقدارى 4% تىن ئېشىپ كەتسە، كىچىككىنە ئوت ئۇچقۇنىغا ئۇچراشسىلا زور پارتلاش يۈز بېرەتتى،

— قانداق قىلىش كېرەك؟

قوماندانىڭ جىددىيلەشكەن ئاۋازى، نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىلىۋاتقان سىنئالغۇ ئارقىلىق تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغان تاماشىبىنلارغا يەتتى. بىر شەكىلسىز يوغان قول يۈز مىليونلىغان يۈرەكلەرنى مۇجىماقتا ئىدى.

شىچاڭ سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خۇشىيالىڭ لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، مېڭىسىدە بىر نەچچە خىل ھۆكۈم ۋە بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۈنئىي ھەمراسىنى قويۇپ بېرىشتە باشقۇرغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قويۇپ بېرىش مۇتەخەسسىسىنىڭ 23 دانە سۈنئىي ھەمرانى قويۇپ بېرىشكە قاتناشقان شەرەپلىك تارىخى ۋە مول تەجرىبىسى بار بولۇپ، كۆز ئالدىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىش يۈز بەرگەندە، دۆلىتىمىزدە ياسالغان «شەرق شامىلى — III» توشۇغۇچى راكېتا قويۇپ بېرىش ھارپىسىدا، ئۇ قويۇپ بېرىش كونترول قىلىش سۇپىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئالاقىلىشىش - يۆتكەش يەككە ماشىنىسىدىن چىققان پارتلاش ئاۋازىنى ئۇشتۇمتۇت ئاڭلاپ قالدى. قويۇپ بېرىش سۇپىسىدىكى زور تىپتىكى راكېتانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن بىر پارچە ئىس ۋە چاراسلىغان پارتلاش ئاۋازى چىقتى. ئۇ دەرھال ئورۇندۇقتىن سەكرەپ قوپۇپ، ئەڭ ئۈنۈمدارلىق ئۇسۇل بولغان «توكنى ئۈزۈۋېتىش» تەدبىرىنى

قولىدىن، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئارقىدىنلا، ئۇ چاققانلىق بىلەن 40 نەچچە مېتىر ئېگىز بولغان قويۇپ بېرىش مۇنارىنىڭ جازىسىغا يامىشىپ چىققاندا ئۈسكۈنىلەر بۆلۈمىدە قىسمەن پارتلاش يۈز بېرىپ بىر پارچە مېتال پارچىسى ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىژىلدىغىنىچە ئۇچۇپ ئۆتۈپ مۇنارە جازىسىنىڭ پولات تاختىسىغا تېگىپ، ئۇ يەردە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. ئۇ خەتەرگە قارىماي ئىس - تۈتەككە تولغان ئۈسكۈنىلەر بۆلۈمىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈپ، راكېتا لايىھىلەشتە ھادىسىلەرنى ئازايتىش توغرىسىدا مۇھىم ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى.

خۇشياڭنىڭ كۆزلىرى ماۋشەن، رېن شىڭمىن، شى گۇاڭشەنلەرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، شۇ ھامان بىر يۈرەكلىك تېخنىكا لايىھىسى تۇغۇلدى - دە، يەر - يەر جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئوت ئالدۇرۇلسۇن!

راكېتانىڭ قۇيرۇق قىسمىدىن كۈچلۈك قىزغۇچ يالقۇن چىقتى. سىلكىنىشتىن تاغ ئېدىرى تىترەپ كېچە ئاسمىنى قىپقىزىللىققا چۆمكەلدى. راكېتا ھەيۋەتلىك گۈلدۈرلەش ئاۋازىنى چىقىرىپ، ئايغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

قويۇپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەت قازاندى!

ماۋشەن ھاياجانلانغان قەلبىنى زادىلا باسالمىدى بولغاي، قويۇپ بېرىش مۇنارىسى جازىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئوت يالقۇنىنىڭ تەپتى كەتمىگەن نەم زېمىندا تۇرۇپ، ئۇزاققىچە كېچە ئاسمىنىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى.

جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان پوروخ بىلەن راكېتا بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى توشۇغۇچى قورالغا ئايلىنىپ، ئالەم بايلىقلىرىدىن تىنچلىق ئۈچۈن پايدىلىنىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشنى ئۈستىگە ئالغان قۇياش بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئادەم ئۆز زامانىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ھەر قانداق شارائىتتا ئۆز زامانىسى بىلەن تەڭ قەدەم ئالىدۇ. ھەييار ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىدۇ. تەنتەك كىشى زامانىنىڭ يولىدا توغرىسىغا يېتىۋالىدۇ.

ئە. بائۇئېرنفېلد

بىلگىنىڭكى، ئەخمەقلەرگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب — سۈكۈت.

قابۇس

# ئىككى شېئىر

## ماخمۇتجان ئىسلام

### قۇياشقا باققاندا


1

ھەر تاڭدا تەلپۈنىمەن شەرق ياققا،
بالقىيدۇ ئۇتقاش كەبى قۇياش چاقناپ.
قەلبىمدىن ئاقار سۆيگۈ قوشاقلىرى،
گوياكى تاغ سۈيىدەك ئوخچۇپ - ئويناپ.

پارلايدۇ تاڭ قۇياشى نۇرلار تۆكۈپ،
شولىسى جىلۋە قىلار شوخ يۈزۈمدە.
قۇياشقا تالىق ئۆچمەس مۇھەببەتىمنىڭ
يالقۇنى يالقۇنلايدۇ جۇپ كۆزۈمدە.
شۇ قۇياش پارتىيەمنىڭ ئوبرازىدۇر،
قارايمەن زوقۇم بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق
قەلبىمدە ئۆركەشلىگەن ھېسسىياتىم
قۇيۇلار ئاق قەغەزگە بولۇپ قوشاق.

2

يادىمدا، كەڭ دۇنياغا ئاچقاندا كۆز
بوغۇلدۇم بۆشۈكىدە جاھالەتىنىڭ.
قىرقىراپ يىغلىغانتىم تەگكەن چېغى
قامچىسى زالىم باينىڭ - قاباھەتىنىڭ.
كىرمەستىن يەتتە ياشقا مالاي بولدۇم،
كەڭ جاھان تار قەپەزدەك تۇيۇلاتتى.
باي ئۈچۈن قوي باقاتتىم شور توقايدا،
تاپاندىن قىزىل قانلار قۇيۇلاتتى.
ھەر سەھەر ماڭغىنىمدا، بوسۇغىدا
جان ئانام ياشلار تۆكۈپ مۇڭلىناتتى.
ھەر ئاخشام قايتقىنىمدا نىمجان بولۇپ،
ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چېكىپ تولغىناتتى.
قاناتى قايرىلغان بىر لاچىن ئىدىم،
يۈرەككە زۇلۇم - زۇلمەت ئوقى تەگكەن.
سارغىيىپ كەچكۈزدىكى ياپراق كەبى،
بىر پۈتۈم گۆر ئاغزىغا بېرىپ يەتكەن...
شائىخەيدىن پارلىغاندا قىزىل قۇياش،
دوپپامنى كۆككە ئېتىپ كۈلۈپ كەتتىم.
جىڭگاڭشەن گۈلخانىدىن قەلبىم ئىسسىپ،
راۋابنى يېڭى كۈيگە چېلىپ كەتتىم.
زۇنيىمنىڭ خىتابىدىن كۆرۈپ ئىقبال،
جەڭگىۋار دولقۇنىدا بىللە ئاقتىم.
گۈل دەستە تۇزۇپ قەلبىم ئالقىشىدىن،
يەنئەننىڭ ئاپتىپىغا كۈلۈپ باقتىم.
قىزىل تۇغ قادالغاندا تيانئەنمېنغا،
زۇلمەتنىڭ زەنجىرىدىن جۇدالاشتىم.
ئىنتىزار بولغان باھار، تاڭنى سۆيۈپ،
ئىنسانىي بەختىم بىلەن قۇچاقلاشتىم...
سولاشقان ياپراق كەبى نىمجان ئىدىم،
پارتىيەم، بەردىڭ ئۆزۈڭ سولماس ھايات.
كۈچ ئېلىپ سېنىڭ مېھرىڭ - شەپقىتىڭدىن،
گوياكى شۇڭقار بولۇپ قاقتىم قانات.
«قۇياشىم» دېدىم سېنى، يۈرىكىمدىن
رەھمىتىم ئاقتى ساڭا بولۇپ دەريا.
پارتىيەم، ناخشا ئېيتسام شەنىڭگە مەن،
گۈل تۇتتى دەستە - دەستە كەڭرى دۇنيا.
ئۇن قاتتى تومەن بۇلبۇل خۇشال سايراپ،



ئۇن قاتتى نۇرغا چۆمگەن ئاسمان - زېمىن.
ئۇن قاتتى يېشىل ئورمان، بەھەيۋەت تاغ،
ئۇن قاتتى سان - ساناقسىز دەريا - ئېقىن.
مەن دېدىم:

مىليون رەھمەت كومپارتىيەم،
رەھمەت دەر مېنىڭ باتۇر ئەجدادلىرىم.
سادىقمەن ئۆمۈرۋايەت ئىنجادكاردىم،
سادىقتۇر تۇغۇلغۇسى ئەۋلادلىرىم!

3

پارتىيەم،
ئەي قۇياشىم، نۇرلىرىڭنى
بىر مەزگىل قارا بۇلۇت توسىۋالدى.
سارغايدىم نۇر كۆرەلمەي،
كانىيىمنى
شۇم ئەجەل ئەزرائىلى بوغۇۋالدى.
ئاھ، ئۇ چاغ چىقارغىنە كىم يادىدىن،
پەريادقا، قانۇ ياشقا تولغان ئالەم.
ھەيدەلدى گۈلباغچىدىن ئىشچان باغۋەن،
زار بولدى سۇغا قۇدۇق قازغان ئادەم.
ئېگىلدى ھەقىقەتنىڭ بېلى شۇنچە،
ھۆكۈمران بولدى پەقەت تاياق - توقماق.
قەيەرگە نەزەر سالسام كۆرۈنەتتى
ھەممىنى بۇزۇش، قىيناش، ئۇرۇش، چاقماق.
ئۇچاتتى غەمكىن شامال،
گۈل - گىياھنىڭ
تۆكۈلەرئىدى زۇمرەت مارجانلىرى.
ئاڭلىنار ئىدى ھەتتا ھەممە ياقتىن
قۇشنىڭمۇ مۇڭلۇق مۇقام - داستانلىرى.
يادىمدا، ئانغا سىزدىك مىخلىق چوماق،
سۇندۇردى جان ئاتامنىڭ قول، بېلىنى.
يادىمدا، يالتىرىغان قېلىچ، خەنجەر،
كەسكەنتى جان ئانامنىڭ قەن تىلىنى.
يادىمدا، چار يىلاندەك قوش تىل قامچا،
قان قىلغان جان ئاكامنىڭ باش - كۆزىنى.
يادىمدا، ھازازۇللار چۇچۇتۇپ ياغ
كۆيدۈرگەن جان ئاچامنىڭ ئاي يۈزىنى.
يادىمدا، بولۇپ سەرسان ھەر قاياقتا،
ھاقارەت، تىل - دەشنامغا راسا تويدۇم.
يادىمدا، بايغا مالاي بولغان چاغدەك،
سامانلىق، ئېغىللاردا يېتىپ - قوپتۇم.
گۇناھىم، گۇناھسىز زادى نېمە،
بىلمىدىم، بىلەلمىدىم ئويلاپ ئۇزاق.
كىم ساڭا ئەگەشسە كومپارتىيەم،
قۇرۇلدى يوللىرىغا قاپقان - تۇزاق.
تايمىدىم ئەقىدەمدىن ئەي پارتىيەم،
زار بولۇپ قالغاندىمۇ بۇردا نانغا.
دەر ئىدىم: رازىمەنكى پارتىيەچۈن
ئۆلۈشكە كەلسە ئەگەر ئەجەل جانغا.
قولۇمدا نالەر ئىدى راۋاب مۇڭلۇق،
ساپايەم ئاققۇزاتتى دولامدىن قان.
ئايلىنىپ سەھرا - يېزا شۇ تەرىقە،
كۆتۈردۈم ناخشا توۋلاپ ھامان چۇقان.
ئاخىرى تۇتتى مېنى، «سارىق» دېدى،
قاپقارا، زەي زىندانغا قويدى سولاپ.
جىسمىمنى قىلسىمۇ گەر ئۇلار قامال،
ناخشامنى قويالمىدى زادى قاماپ.
مەن ناخشا ئېيتتىم ئاشۇ زىنداندىمۇ،
پارتىيەم، بارلىقىمنى ساڭا ئاتاپ.
دېدىم مەن: كۆكلەم - باھار كېلەر، جەزمەن
چىقىدۇ تۈننى قوغلاپ قۇياش پارلاپ...
پارتىيەم، يەنە مېنى قۇتقۇزدۇڭسەن،
نۇر چېچىپ، نەۋباھارغا يەتكۈزدۇڭسەن.
بىر پۇتۇم گۆر ئاغزىغا يەتكەن ئىدى،
قايتۇردۇڭ، قەددىمنى تىك تۇرغۇزدۇڭسەن.
سىغماستىن قېرى - قېنىمغا،
سائادەتتىن
تاج تاقاپ يەتتى كۆككە مېنىڭ بېشىم.
ۋۇجۇدۇم ئېرىپ، خۇددى سىماپ بولۇپ،
تاراملاپ ئاقتى يىللىق شادلىق يېشىم.
يادىمدا قايتا - قايتا بەرگەن بەختىڭ،
ئادەممۇ خۇشاللىقتا چىدار ئىكەن.

ئالىمدەك يۈرەك ئالەم خۇشاللىقىنى
سىغدۇرۇپ كېتەر ئىكەن، يېرىلماسكەن.
شۇڭلاشقا ھەر سەھەردە باقىنىمدا
پارلىغان قۇياشقا مەن تويماي قاراپ؛
قەلبىمدىن ئاقار سۆيگۈ قوشاقلىرى
گوياكى تاغ سۈيىدەك ئوخچۇپ - ئويناپ.
سەن بولغاچ تاپتىم گۈزەل، شېرىن ھايات،
بىر سەنسىز ياردۇر ماڭا كۈلپەت، مامات.
سەن بولغاچ ئەتەم بۈندىن گۈزەل، پارلاق،
سەن بولغاچ پەرۋاز قىلىپ قاقتىم قانات.
پارتىيەم - مەڭگۈ پاتماس قىزىل قۇياش،
سەن ئۈچۈن يۈرىكىمنى بەرمەك بەختىم.
ھەمىشە ناخشام بىلەن سېنى كۈيلەپ،
مەڭگۈگە سادىق بولۇپ ئۆتمەك بەختىم.

## گۈلشەن قىز

1

جىمىرلايدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
گۈل تەبىئەت شېرىن ئۇيقۇدا.
زەر لىباسنى يېپىنغان قىزغا
ئوخشايدۇ ئاي ئاشۇ تۇرقىدا،
ئەمما ئويغاق شۇدەم گۈلشەن قىز،
تومۇرىدا شادلىق ئاقىدۇ.
چېھرىسىدە كۈلكە نامايان،
كۆزلىرىدىن نۇرلار ياغىدۇ.
خەت يازىدۇ (قولىدا قەلەم)،
ھەر بىر خېتى گۈلدەك تۈيۈلار.
ئاق قەغەزگە يۈرەك سۆزلىرى
قوشاق بولۇپ سۇدەك قۇيۇلار:
«كومپارتىيەم، سېنى بەختىمنىڭ
ئىجادكارى، تۈۋرۈكى دەيمەن.
ئانا ۋەتەن، ئېزىز خەلقىمنىڭ
سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى دەيمەن.
كۆچەت ئىدىم،
ئاسراپ - پەپىلەپ،
ئۆستۈردۈڭسەن پارتىيەم مېنى.
بارلىقىمنى بېغىشلاپ ساڭا،
سۆيگەنىدىم يۈرەكتىن سېنى.
كۆزۈمگە نۇر، يۈرەككە دەرمان،
ئۆمرۈمگە ھەم مەزمۇنمۇ بەردىڭ.
ساڭا سادىق قەلبىمگە ئېسىل
ئىستىقبالىنىڭ گۈلىنى تەردىڭ.
بەردىڭ ماڭا شەرەپلىك ئۇنۋان،
بولدۇم خەلق ئوقۇتقۇچىسى.
تىكتى ماڭا كۆزىنى ئەلنىڭ
ئەۋلادلىرى - قىزىل غۇنچىسى.
ئۆتتى مەكتەپ قوينىدا مېنىڭ
گۈزەل ئۆمرۈم شانغا يار بولۇپ.
ئۆتتى ئۆمرۈم گۈل - چېچەكلەرنىڭ
ئۈمىدلىك خۇش ھىدىغا تولۇپ.
مەن پارتىيەم ھەر بىر سۆزۈڭدىن
گۈزەل كۆكلەم - باھارنى كۆردۈم.
ھۆر ۋەتەننى نۇرغا پۈركىگەن،
قۇياشلىق تاڭ - ناھارنى كۆردۈم.
كومپارتىيەم، سېنىڭ يولۇڭغا
گۈل ياشلىقىم، بارلىقىم تالىق.
زەپەر قۇچۇپ بېرىدىمەن جاۋاب
شەپقىتىڭگە - مېھرىڭگە لايىق!...»

2

قۇياش بالقىپ گۈزەل شەرقتىن،
قىزىل چوغدەك يانغاندا ئۇپۇق.
گۈزەل باغلار، بەھەيۋەت تاغلار،
يېپىلغاندا لالىرەڭ يوپۇق.
مەكتىپىگە ماڭدى گۈلشەن قىز،
كۆڭلى - كۆكسى شادلىققا تولۇپ.
يۇرتىنىڭ مېھرى ئۇنىڭ يولىغا
كەڭ يېيىلدى پاياندار بولۇپ.
ئۇچراشقان ھەر يۇرتداش ئىنىگە،
زوقى بىلەن كۈلۈپ باقىدۇ.
يۈرەك سۆزى سۆز ئەمەس، بەلكى،
تىللىرىدىن بالدەك تامىدۇ.
ئاتىلار دەر: «جەسۇر كوممۇنىست

گۆلشەن قىزدەك بولسا هەر بالا؛
كۆلمەيدىكەن ئاتا ئارمىنى،
پەخىرلەنمەس قايسى بىر ئاتا؟!
گۆلشەن قىزدەك بولسا جۇر ئەتلىك
يېزىمىزنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى؛
توق ئېچىلار ۋايىغا يېتىپ
بەختىمىزنىڭ قىزىل گۆللىرى.»
ئانىلار دەر: «ئەجەب گۆزەل قىز،
ئەسلىتىدۇ قىزىل ئالمىنى.
ئاشۇنداق قىز بولسا گەر كېلىن،
كۆلەر ئىكەن ئانا ئارمىنى.»
ئىسمى - جىسمى ئوخشاشلا گۆلشەن،
ئەۋلادلارغا كۆيەر ئانىدەك.
كوممۇنىستلىق بۇرچىنى ئاقلاپ،
ئىشلەر تىنماي هارماس كالىدەك.»
يىگىتلەر دەر: ئاشۇ گۆلشەن قىز
پارتىيىنىڭ ئوبدان قىزى ئۇ.
يۈرەكلەرگە پۇختا ئورناشقان
گۆلنىڭ ئېسىل - سەرخىل بىرى ئۇ.
جورا بولسا ئاشۇنداق قىزغا
يىگىت بەختى چېچەك ئاتاركەن.
ئارمان قالماس ئىكەن يۈرەكتە،
كۆڭۆل يايراپ ئىپار چاچاركەن.»
گۆدەكلەر دەر: «گۆلشەن مۇئەللىم
بىزگە جاندىن كۆيەر پەرۋانە.
تاپتى شۆھرەت، قۇچتى شەرەپشان،
ئوقۇتۇشتا بولۇپ مەردانە.
گۆلشەن قىزدەك بولسا ناۋادا
مەكتەپتىكى بارچە مۇئەللىم،
بىز ئوقۇيمىز بولۇپ ئەلاچى،
ئاتا - ئانا قىلمايدۇ ۋايىم.»

... ... ... ... ...

گۆلشەن دەيدۇ: «يېتىلدىم پەقەت
پارتىيىنىڭ مېهرىگە قېنىپ؛
ئانا يۇرتنىڭ - ئانا ۋەتەننىڭ
نېنىنى يەپ، سۇتىنى ئېمىپ.
ئۇ تۇقلىرىم پەقەتلا تامچە،
ئالدىمدا بار ئۇزۇن بىر سەپەر.
قانائەتتىن يىراقمەن ئەسلا،
قۇچسام دەيمەن نۇسرەتتۇ زەپەر.
يۈرەكتىكى ئارزۇ - تىلەك شۇ،
خىزمىتىمدىن ئەل كۆلسە يايراپ؛
ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن تامام
كوممۇنىستلىق بۇرچۇمنى ئاقلاپ!»

# ئېھ، سۆيۈملۈك پارتىيەم ساڭا خاس چىن مەدھىيەم

تۇرسۇن قۇربان

## كومپارتىيە—ۋەتەن، خەلق ۋىجدانى

ئۆلچىنەر ئۇلۇغلۇق، ئالىيجانابلىق،
ئادەمنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانى بىلەن.
پارتىيە ۋە داهى ئىپتىخارلىنار،
تۇغقان ئەل،

ۋەتەن — يۇرت،

دەۋرانى بىلەن.

ۋىجدانىكى ئادەمنى ئادەم قىلغۇچى،
ئۇ ئادەم روھىنىڭ ئالتۇن ئەينىكى.

ئەڭ روشەن كۆرۈنەر ئاشۇ ئەينەكتە.
ئادەمنىڭ ۋىجدانى، ئەقلى، تىلىكى.

ج ك پ — ئون بىرى يى خەلق ئوغلانى،
ئۇلۇغلۇق بابىدا مىسلىسىز هەر دەم.
ۋۇجۇدى، قەلبىدە جۇڭخۇا مىللىتى —
ۋىجدانى،

[illegible] غايىتىنى،

[illegible] ئەقلى

مۇجەسسەم.

شۇ ئەقىل، ۋىجدانىدا — جاھانىمىدا،
ۋەتەنىنىڭ ئىقبالى قۇياشتەك پارلار.
شۇ ئەقىل، ۋىجدانىنى كۈيلىگەن كۈيدە،
تۈمەنىمىڭ بۇلبۇلىنىڭ ئاۋازى ياڭرار.

يەتمىش يىل — مىسلىسىز مۇساپە — جەريان،
بەشمىڭ يىل تارىخىنىڭ ئالتۇن يىللىرى.
شۇ يىللار قىممىتى — تۈمەنىمىڭ داستان،
ئەبەدىي جاراڭلىق زەپەر كۈيلىرى.

شۇ داستان — كۈيلەردە ئۇلۇغ داھىلار،
باتۇرلار تەرىپى قىلىنار بايان.
شۇ داستان كۈيلەردە قاراڭغۇ ئۆتمۈش،
ھەم نۇرلۇق كېلەچەك كۆرۈنەر ئايان.

جكپ — ۋەتەننىڭ ئىشەنچ - ئىجاتى،
ئۇ ئەلنىڭ تۈگىمەس بەختى، ئامىتى.
ئۇ ئەمەس ئىلاھ - روھ،
ئۇ ئەل ئىچىدە
ھەيۋەتلىك تاغلاردەك قەددى — قامىتى.

ئۇ تۈنلەر ئۈمىدى — قۇتۇپ يۇلتۇزى،
ئۇ قۇياش سىماسى — تەڭداشسىز ئوبراز.
ئۇنىڭ ھەر خىتابى گۈلدۈرماممەك،
ساداسى ھەيۋەتلىك قۇدرەتلىك ئاۋاز.

ئۇ مەشئەل،
ئۇ بايراق،
ئۇ سەپ بېشىدا.
ئاڭا زىچ ئەگەشكەن مىڭ - مىڭ پەلۋان.
ئىسلاھات، رىقابەت بەيگىلىرىدە
«تېزلىنىش» كارۋىنى ماڭىدۇ راۋان.

شۇڭا پاك دىلىمدا ئۇرغۇيدۇ بىر سۆز:
«ئانا مەدەك،
دادامدەك ئۇلۇغ پارتىيەم.
سەن ئۇلۇغ،
سەن توغرا،
سەن ئەڭ شەرەپلىك
ساڭا خاس جىمىكى يۈرەك مەدھىيەم».

## مۇقەددەس چولپانلار

ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى ھارپىسىدا (تاڭ سەھەردە) ئۇرۇمچى ئۇلانباي ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا بېرىپ يولداش چېن تيەنچيۇ، يولداش ماۋزېمىن، يولداش لىن جىيلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ قەبرىسىنى يەنە بىر قېتىم ئالىي ئېھتىرام بىلەن تاۋاپ قىلدىم...

چولپان يۇلتۇز پارلىغاندا ئاسماندا،
كەلدىم جىمجىت ئۇلانباي - گۈلباغچىغا.
يەنە بىر رەت تاۋاپ قىلىپ كۆرەي دەپ،
باردىم ھەيۋەت قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا.

شۇندا ئاستا كۆتۈردۈم - دە بېشىمنى،
باقتىم نۇرغا تولغان چولپان ھۆسنىگە.
شۇ نوران يۇلتۇزلارنىڭ سۇلتانى،
نۇر تۆكۈپتۇ بۈيۈك بوغدا ئۈستىگە.

ئۇتلۇق سۆيگۈ، يۈكسەك ھۆرمەت ئىلكىدە،
تازىم قىلدىم، ئەگدىم قەددىم — بېشىمنى.
«ئاھ، يەنە نەنىڭ ئەلچىلىرى — چولپانلار»،
دېدىم مۇڭدا تۆكۈپ قايغۇ ييېشىمنى.

ئاشۇ چولپان نامى ئۇلۇغ كوممۇنىست —
ئەجدادلارنى كەلتۈردى تېز يادىمغا.
ئاشۇ ئۆلمەس باتۇرلارنىڭ ئوبرازى،
كەلدي بىر - بىر نۇرلىنىپ كۆز ئالدىمغا.

خۇش مۇبارەك نامىلىرىنى ئۇلارنىڭ،
ئالغىنىمدا ھايا جاندا تىلىمغا.
چىن مۇھەببەت تۇيغۇسى دولقۇنلىرى،
ئۆركەش ياساپ سىغماي كەتتى دىلىمغا.

دېدىم: «ئۇلۇغ، شانلىق، توغرا جەڭ كەپ،
يۇرتىمىزنى مەھكەم پۇكۇپ قەلبىمگە.
شۇنداق قەيسەر رەھبەرلەرنى ئەۋەتكەن،
كۆيۈنۈپ بۇ غەربىي دىيار خەلقىمگە.

ئۇلار ئېيىپ كېتىپ تەڭرىتاغنىڭ قوينىغا،
مەڭگۇ غالىب جەڭگاۋەرلىكنىڭ روھىنى.
كوممۇنىزم مەشئىلىنى چىڭ تۇتۇپ،
تۇتاشتۇرغان ئىنقىلابنىڭ ئوتىنى.

شۇ كوممۇنىست ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسى،
تەڭرىتاغنىڭ گۆھىرى بوپ ساقلىنار.
شان-شەرىپى چۆشمەي بۇلبۇل تىللاردىن،
ھەممە مىللەت دىلىدا چىڭ ساقلىنار.»

# تارىمنىڭ باھارى

## مامۇت زايىت

1

تۇرىمەن تارىم دەريا گىرۋىكىدە،
ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن كۈنگە قاراپ.
جۇلالاپ شەپەق زېمىن ئېتىكىدە،
كېتىدۇ باغقا، چۆلگە تەكشى تاراپ.
تىلسىمات ئىچىدىكى پەرھاد كەبى،
قارايمەن مەپتۇن بولۇپ ھەممە جايغا.
نىگاھىم، خىياللىرىم پاك ۋە سەبى،
ئۇچىدۇ گاھ گۈلزارغا، گاھى سايغا.
ئاجايىپ گۈزەل، رەڭدار بۇ كەڭ ماكان،
دۇنيانىڭ كىچىككىلىگەن بىر نۇسخىسى.
جىمىكى مەنزىرىنى ئەتكەن ئايان،
تەبىئەت — ئىختىرانىڭ مەرد ئۇستىسى.
بىر ياقتا نۇرغۇن ئاۋات يېزا-شەھەر،
زامانىي زاۋۇت، مەكتەپ، بىنالىرى.
كامالەت تاپقان يۇندا سودا-ھۈنەر،
كۈيلەيدۇ دەۋرنى شاد ناۋالىرى.
بىر ياقتا بارخان — سانسىز ئېسىل ئېھرام،
يوشۇرۇپ ياتار تارىخ قامۇسىنى.
بارخاننى ئوراپ ئالغان باغلار تامام،
ئەسلىتەر ھىندىستاننىڭ تاۋۇسىنى.
باغلارغا تۇتاش ياتقان چەكسىز ئورمان،
ئەل-يۇرتقا يېشىللىقتا ساقچى-كېپىلى.
بورانلار دەيدۇ: «كۆچلۈك ئىكەن ئىنسان،
ياسىدى قوغنى، بىزنى توسۇپ سېپىل!»
قۇچاقلاپ چەك-قىرىنى چەكسىز ئۇپۇق،
تۇرىدۇ سالا-سالا مەيدان-ئېتىز.
ئۇستىگە زىرائەتتىن ئارتقاچ يۇپۇق،
كېلىدۇ كۆز ئالدىمغا زەڭگەر دېڭىز.
يىراقتا كۆمۈش چاچلىق تاغ-چوققىلار،
قامىتى ئەجدادلاردەك يۇكسەك، بۈيۈك.
باغلىغان زۇمرەت كەمەر بەل-يوتىلار،
قىش ۋە ياز ئۆكسۈمەيدۇ يېشىللىق-كۆك.
كەم ئەمەس گۈزەل خوتەن زىلچىسىدىن،
بىپايان ۋادىدىكى مەخمەل ئوتلاق.
مال باقار چوپان يىگىت، قامچىسىدىن
چاقتۇرۇپ بۇلۇتلاردا چېقىن-چاقماق.
قۇملۇقتا، تاغدا، چەكسىز ۋادىلاردا،
گېئولوگ يۈرەر نېفىت، ئالتۇن قېزىپ.
سەيياھلار ئېتى چاچار دالىلاردا،
تاغ ئېشىپ، سۇنى كېچىپ، ئەل-يۇرت كېزىپ.
شوخ تارىم جاراڭلىتىپ ناۋا-كۈيىنى،
ئاقىدۇ دولقۇن ياساپ، ئالماستىن دەم.
«چۆلدىكى بوستان» دەپ نام ئالغان زېمىن،
ئۆزىگە قىلغان جىمى ئۇزلۇقنى جەم...

2

ئەجدادلار ياشاپ ئۆتتى بۇ ماكاندا،

كۈرمىڭ يىل باھار بىلەن تاڭنى كۈتۈپ.
تولدۇرۇپ ئەل قەلبىنى دەرد - پىغانغا،
زۇلمەتلىك سانسىز يىللار كەتتى ئۆتۈپ.
بولمىدى يۇقىرا ئۈچۈن قۇت، ئېزگۈلۈك،
تەبىئەت، زامان دېگەن ئالۋاستىدا.
قۇرۇتۇپ شەھەر - كەنتنى، ياساپ چۆللۈك،
قالدۇردى جانلىقلارنى قۇم ئاستىدا.
قەدىمدە كۆچتى بۇ يەر ئادەملىرى،
ھۈنەر ۋە دېھقانچىلىق ئىراسىغا.
تېز بولغاچ يۈكسىلىشتە قەدەملىرى،
ئېردىشتى ئىنسانىيەت دۇئاسىغا.
كېيىكنىڭ كىندىكىدىن ئېلىپ ئىپار،
پىلىدىن مەشۇت تارتىپ، توقۇدى رەخت.
ئۈزۈمنىڭ ياغچىنى قىلدى ساتار...
ۋەلېكىن مۇڭ ياغدۇردى، كۈلمىگەچ بەخت.
يۇرت، ئېتىز، باغ ياراتتى ئىشچان ئەلكۈن،
جاپالىق ئىشلەپ كەتمەن، بۇقۇسىدا.
يالمىدى قۇرغاقچىلىق، گاھى كەلكۈن،
بولمىدى بەرىكەت ھوسۇل، نوپۇسىدا.
قاشتېشى، گىلەم، ئىرپان كارۋىنىغا،
كەلتۈردى بوران - قۇملار ئەجەل - مامات.
يەتمىدى تاغ بۈركۈتى ئارمىنىغا،
بۇ چۆلدىن ئۆتكىنىدە كۆيۈپ قانات.
بىر - بىرلەپ كۆچتى چوڭقۇر يەر تەكتىگە،
كەشپ - ئىجاد چولپانلىرى سالغان قەسىر.
سەنئەتنىڭ يەتتى زاۋال تاج - تەختىگە،
جاھالەت مەرىپەتنى قىلغاچ ئەسىر.
قېلىشتى بارخانلىرى بارخان پېتى،
كېڭەيدى يۇرت - باغ ئەمەس، بەلكى قۇملۇق.
ئۆچەي دەپ قالدى تارىخ قويغان ئېتى،
قاپلىدى ئەلنى پىغان، دەرد، مەشئۇملۇق.
تىركەشتى بويۇن ئەگمەي جاپاكەش ئەل،
چۆلنى يۇرت، باغ قىلماقلىق ئىستىكىدە.
بولماستىن ئارمانلىرى ۋە لېكىن ھەل،
ياشىدى تەكلىماكان بۇرجىكىدە.
ايلاندى چەكسىز قۇملۇق تىلسىماتقا،
تىلغىدى ئۇنى بايلىق ئىزدەپ شەيتان.
ئىنتىلدى تاڭ، باھارغا، ھۆر ھاياتقا،
بۇندىكى جىمى جانلىق، جىمى ئىنسان...

3

تۇردىمەن گۈزەل تارىم ۋادىسىدا،
گۈللەنگەن كەڭ زېمىندىن نەزەر ئۈزمەي.
جۇش ئۇرسا مۇھەببىتى ئانىسىغا،
تۇرامدۇ شائىر ئوغۇل نەزمە تۈزمەي.
شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن نۇرلۇق قۇياش،
ھامىيسى يېڭى تاڭنىڭ، ھۆر باھارنىڭ.
چۆمۈلگەن تاغۇ - دەريا كۈيگە تۇتاش،
چېكىگە كۆز يەتمەيدۇ باغ - گۈلزارنىڭ.
كۆز يېشى ئەمەس، شادلىق، قۇت جۇلاسى،
گۈللەرنىڭ بەرگىدىكى ئۈنچە شەبنەم.
باغ - كۆكلەم، پاك سۆيگۈنىڭ بىر دۇنياسى،
گۈل، قۇشلار تەقدىردىن يېمەيدۇ غەم.
بەسلىشىپ سايرار كاككۇك بۇلبۇل بىلەن،
دەريالار شاۋقۇنىدا مۇقام، كۈي - ساز.
تولۇپتۇ كارۋان يولى دولقۇن بىلەن،
بۈركۈتلەر چوققىلارغا قىلار پەرۋاز.
نۇر قوشار شەپەق تاغدا گۈلخانلارغا،
چوپانغا يۇرت باھارى ھەمدەم - كۆمەك.
كېيىكلەر سايدىن كۆچكەن ئورمانلارغا،
ئۇلارغا ياتتۇر سەرسان تېنەپ يۈرمەك.
ئازدىيىپ دەشتلەر ئېتىز، ئورمان بولغاچ،
سۇر - ھەيۋە كۆرسىتەلمەس قۇم ۋە بوران.
زامانى ئىلىم - پەندىن كۈچكە تولغاچ،
ئادەملەر تەبىئەتكە خان - ھۆكۈمران.
ئورنىدا بارخانلارنىڭ يۈكسەك بىنا،
بۇلۇتسىز ئاسمان نۇردا چاقنار سۈزۈك.
ئادەمزات ئىز باسمىغان چۆلنى مانا،
ئويغىنار بۇرغا ئۈنى، ياڭراق گۈدۈك.
بۇرۇنقى دەشت - چۆلدىكى يېڭى سۈرەت،
تارىمنىڭ باھارىغا دەلىل - شاھىت.
ئاتىشى ئۇنى ئەلنىڭ چىن ھەقىقەت؛

«تىلسىمات قوُملوُقتىكى بىر مەرۋايىت»...

* *

توُردىمەن ئانا دىيار ئىچىدىكىدە،
باغ، شەھەر، تاغ - يېزىلار قىلىپ شەيدا.
بىردىنلا ... يېڭى كۆكلەم چېچىكىدە،
كېلەچەك، بايلىق نوُسرەت بولدى پەيدا.
كۆز يېشىم ھاياجانىم بولدى بوُلاق،
خىتابىم جاراڭلىدى ئوُپوُقلاردا:
پارتىيە نوُرى چاقنار گوُزەل توُپراق،
سەن قوُچقان سانسىز شانلىق ئوُتوُقلاردا.
خوُشخەۋەر ئېلىپ كەلدى بوُگوُن قوُياش،
يېپيېڭى ئىقبالىڭغا ئاستانىدىن.
تامامى چۆلدە شەھەر، بوستان ياساش،
ئالغوُسى ئوروُن تارىخ داستانىدىن.
لوقمانىدەك ئوُزوُن ياشاپ، كۆرسەم دەيمەن،
گوُللەنگەن، باي، قوُدرەتلىك يازلىرىڭنى.
قوينوُڭدا ئەۋلاد بىلەن يوُرسەم دەيمەن،
ناخشاڭغا تەڭكەش قىلىپ سازلىرىمنى...

# موُبارەك كومپارتىيە

## توُرسوُن ئەڭلىك

يەتمىش يىللىق تويوُڭ كەلدى كومپارتىيە،
موُبارەكلەپ گوُل - دەستىلەر تىزدوُق ساڭا.
تولوُپ تاشتى شاد - خوُراملىق ئەل ئىچىدە،
ياڭرىماقتا شەرىپىڭگە ھەمدوُ - سانا.

ئوُلوُغ دېسەك ئوُلوُغلارنىڭ ئوُلوُغىسەن،
يولوُڭ توغرا غەلىبىمىزنىڭ شەردارىسەن.
سېنىڭ بىلەن كەلدى بىزگە بەختوُ - ئىقبال،
شوُڭا دەيمىز ھەر مىللەتنىڭ غەمخورىسەن.

ئوُنتوُمىدوُق رەزىل ئوُتموُش ئېسىمىزدە،
مىنگەن ئىدى ئوُچ قارا تاغ يەلكىمىزگە.
ئازاب چېكىپ قالمىغانتى مادارىمىز،
غەزەپ ئوُتى يانغان ئىدى قەھرىمىزدە.

كومپارتىيە سېنىڭ بىلەن تاپتوُق نىجات،
جاھالەتنىڭ زىمىستانى بولدى بەربات.
يېتىشتوُق بىز ئازادلىققا - ھوُر زامانغا،
ۋەتەن قويىنى روناق تاپتى بولدى ئاۋات.

ئاققان قانلار، تۆككەن تەرلەر بەردى مېۋە،
بوستان بولدى ئۆتمۈشتىكى چۆل - جەزىرە.
قايىل بولماي تۇرالامدۇ ئەھلى ئالەم،
جەۋلان قىلىساق شۇ زامانىنىڭ تۆرىسىدە.


قويۇۋەتتۇق قانچىلىغان سۇنىئىي ھەمرا،
ئۇچار بولدۇق ساپاھەتكە ئالەم ئارا.
خوپ تۇتۇلدى «كېسەلمەنلەر» دېگەن زىۋانى،
كۈندە ئاگلار بولدۇق ئەمدى بارىكاللا.

پەخىرلىك بىز، جۇڭخۇا ئېلى بەختلىك بىز،
كومپارتىيە يولۇڭ بىزگە بولغاچ مايا ك.
روسلانغاچقا قامىتىمىز قايىل ئادەم،
«يارايدىكەن جۇڭگولۇق» دەپ چالدى چاۋاك.

كومپارتىيە سېنىڭ بىلەن زەپەر قۇچتۇق،
تەلىمىڭدىن قانات ياساپ كۆككە ئۇچتۇق.
توسالمايدۇ ھەرنە مۈشكۈل يولىمىزنى،
سەن بولغاچقا تەئەللۇقتۇر بىزگە ئۇتۇق.

قۇيۇلغايكى كۆزى ساڭا ئالايغانىنىڭ،
توزۇپ كەتسۇن كۈلى ساڭا غادايغانىنىڭ.
قوغدىغايمىز سېنى مەڭگۇ جاندىل بىلەن،
بەربات ئۆزى يولىمىزنى توسىغانىنىڭ.

بىزلىك بىلەن ئالغا باستۇق ھەق يولۇڭدا،
سەن باشلىغان كېلەچەككە بولۇپ شەيدا.
زور يۈرۈشكە باغلىدۇق بىز گاڭ ئىرادە،
باسىمىز بىز غەلىبە سېرى ھامان ئالغا!



# بەختىخان

(ھېكايە)

ئابدۇقادىر مۇھەممەت

ھەر كۈنى كوچا دوقمۇشىغا يىغىلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى باھالايدىغان بۇ بىر توپ كىشىلەر بۈگۈنمۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە بەختىخان ئۈستىدە قىزدىق تالاش - تارتىش قىلىشماقتا ئىدى. ئۇنى ھەممىلا نېمىگە ئوخشىتىشتى، پوخادىن چىققۇچە كۈلۈشتى.

لېكىن، بۇ قىزدىقچىلىق ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى بەش قەدەم نېرىدىنلا بەختىخاننىڭ تەمبەل گەۋدىسىنى كۆرۈپ قېلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئېغىر قەدەملىرى خۇددى «قايناق قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك» بۇ قىزدىقچىلىقنى بىردەمدىلا تىپتىنچ قىلىپ قويدى.

بەختىخان، ئالدىدىكى ئۇزۇن يوللاردىن كۆز ئۈزمەي قوشۇمىسىنى تۈرگىنىچە ئۈن - تىنسىز كېلىۋاتاتتى.

ئىنگىسىز بەستىلىك يەلكىلەر، كۈچلۈك توم بىلەكلەر، يوغان بەللەر، بۇرتۇپ چىققان كۆكسىلەر، چىڭقىلىپ تۇرغان يوغان يوتىلار، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزىگە ھېچقانداق گىرىمنى قوبۇل قىلمىغان مايلىشىپ كەتكەن پارقىراق يۈزلەر، گويا ئاشلىق پونكىتىدىكى ئاشۇ تۈگىمەس ئەمگەك ئۈچۈنلا يارالغاندەك، بەختىخاننى سۈرلۈك بىر تۇسقا كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ سالماق قەدەم تاشلاشلىرى، ئەتراپتىكىلەرگە دىققەت قىلماي ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولۇشلىرى، قىسقىسى، بەختىخاننىڭ ھەممىلا ئىش - ھەرىكىتى كىشىلەرگە باشقىچىلا كۆرۈنەتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ پونكىتنىڭ ئىچى ئۇيپۇر - تۇيپۇر بولۇپ كەتتى. بىلەت كېسىدىغان ئۆي سىرتىدىن كىرگەن بەش - ئالتە ئادەم بىلەن مالىمان بولۇپ تۇراتتى. قۇناخۇن قولىغا تۆت - بەش كىنىشكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھەدەپ ئايشەمخانغا بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

— سەن نېمە ئۆچىرەتكە چىقماي بۇ يەرگە چۆككۈپ ئولتۇرىسەن! — دەپ تۇۋلىدى ئۇ كىمدۇر بىرىدىگە، ئاندىن بۇرۇلۇپلا، — سەنچۇ؟ ... پاقا تەشكەن سويمىدەك كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرىسەن... بولمايدۇ، دېگەندىكىن بولمايدۇ.

— ياق، ئەمدى... جۇرىن، — دىدى قۇناخۇن چېكىلىرىدىكى مۇزدەك تەر تامچىلىرىنى سۈرتكىنىچە بەختىخاننى چەتكە تارتىپ، — ئۆزلىرى بىلىلا، ئېلىكام ئۆزلىرىدىكىمۇ ئانچە - مۇنچە شىرەم تۇغقان كېلىدۇ، خەۋەرلىرى بار، ھازىر جاھان باشقىچە بولۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ قېتىمقىنى خاپا بولماي شۇنداقراق قىلىۋەتكەن بولسىلا، ھى...ھى...

— ياق! — دىدى بەختىخان قۇناخۇننىڭ قولىنى قېقىۋېتىپ، — تۈزۈم دېگەن بۇ سېنىڭ ئەسكى جۇۋاڭ ئەمەس! يامغۇردا كىيىپ ئاپتاپتا تاشلايدىغان!...

ئۇ، شۇ گەپنى قىلدى - دە، يەرنى گۈس-گۈس دەسسىگىنىچە، پەشتاختىغا يۈپۈرۈلۈپ تۇرغان خېرىدارلارغا ئۇن جىڭلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

— قۇناخكا، بەختىخان جۇردىن سىلىنىڭ قاپقانلىرىغا ئۇنداق ئوڭاي دەسسىمەيدۇ، ھەر قېتىم بۇرۇنلىرىغا يەپ تۇرمىسىلا گەپ باشقىچە ئوخشايدۇ...

— نېمە دېدىڭ؟ — دېدى قۇناخۇن قېتىپ قالغان تىلىنى ئارانلا ئىشقا سېلىپ، گەپ قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ رەقىبى ئابلەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن دەرھال ئۆزگىرىپ، — نېمە، سەن ماڭا سالجىدەك يېپىشىۋالمىسەن - ھە!... سەن سېرىق تۆكمۇ تايىنىلىق، بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان، كۆرەرمىز تېخى...

ئاشلىق پونكىتىغا يېقىندىن يۆتكىلىپ كەلگەن ئابلەت، قۇناخۇننىڭ دەسلەپتە خۇشچاقچاق، كىرگەن - چىققان خېرىدارلار بىلەن ئوچۇق - يورۇق سالاملىشىدىغان مىجەزىنى ياقتۇرۇپ، خېلى ھۆرمەت قىلىپ كەلگەنىدى. كېيىنچە بۇ ئادەمنىڭ بەزىبىر قىلىقلىرى ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ ئوغىسىنى قايناتتى. «— ئابلەت ئۇكام، — دەيتتى ئۇ، — ئەمدىلا ئاق ئارىلىغان ساقىلىنى تۇتاملام تۇرۇپ، «قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا» دەپتىكەن ئۇكا، سەن ياش بولغاندىكىن، ئايىغىڭنى يېنىك قىلىپ دىككىدە ماۋۇ سىيىتكامنىڭ ئۇننىنى ئاپىرىپ بەرگىنە»، «مانا ماۋۇ، زەيىنەپخاننىڭ كېلىنى تۇغۇتلۇق، يولدىشى كامانىروپكىغا كەتكەن، ئۆزى ماي توڭنى كۆتۈرسۇن، سەن ئىككى خالتا ئۇننىنى، غاچچىدە ئۇكام... ھە، ياش بالىلا دېگەن شىردەك بولماي - زە، بىز سەندەك ۋاقتىمىزدا بىر تاغار تاشنى ئارتىپ قويسا ئىككى كۈنلۈك يەرگە قويماي باراتتىغان... ھى... ھى...»

شۇنداق قىلىپ، ئابلەت، بۇ ئادەمنىڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ جاننى ئالىدىغان كارامەتلىرىنى كۆرگەنسېرى جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئاقىۋەت قولىنى سىلكىپ يانىدىغان بولۇۋالغانىدى. «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشىككە بېقىپ دەم» دېگەنىدەك، قۇناخۇن بىلەن ئابلەت ئاقىۋەت ئەنە شۇنداق بىرىنىڭ پېيىگە چۈشكەن كۈشەندىلەردىن بولۇپ قېلىشتى. ئۇلار، ھېچقاچان ئەپ قىلىشالمايتتى. بىر يۆگەچلەك پايدا ياكى زىيان ھەققىدە ئۆزلىرىنى تىكىپ قويۇشقانىدى. يىغىنىڭ تۆشۈكىدەك ئىشلارنىمۇ بەس سېلىشاتتى. ھەر قانداق ۋاقىتتا بىرىگە يەر ئاستىدىن قازاپ تۇرۇشقان بولاتتى. بىرەر تاسادىپىي ئېغىر ئەمگەكنىڭ شەپىسى بولۇپ قالسا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇيدۇرماي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشاتتى.

— ماڭ ئابلەت، ماۋۇ ھېلىمخاننىڭ ئۇننىنى ئاپىرىپ بەر، قۇناخۇن، سەن ماي توڭلىرىنى تازىلاپ قوي، ھازىرلا ئاشىنا كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ، ئاندىن كىمدۇر بىرىنىڭ ھارۋىسىنى چۈشۈك يولغىچە ئىتتىرىشىپ بەردى. ئاندىن يەنە بىر خېرىدارنىڭ ئىككى خالتا ئۇننىنى ۋېلىسىپىتقا چاپلاشتۇرۇپ بېرىپ، — قېنى، ئەمدى يۆگۈرتۈپ باق، بىر ياققا ئۇسۇشتۇرۇۋەتمە، ئۆرۈلمەيدۇ، بۇ، لەنىتى. ھەي، توختا! — دېدى ئۇ يەنە بىرىگە، — ئىسىت، سېنىڭ ناۋاي بولغىنىڭ، قارا، ئۇنى تۆكۈلۈپ كېتىۋاتىمىدۇ، مە، ماۋۇ يىپ بىلەن ئوبدانراق باغلىۋال، ھوي، نادانلار...

ئۆكتەبىر بايرىمىنىڭ ھارپىسىدىكى جىددىي-

لىكلەر پونكىت ئۈچۈن يېڭى-يېڭى ئالدىراشچى-لىقلارنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ماشىنىلار پونكىت ئىچىدە پۇت قويغۇچىلىك يەرنى قويماي، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، تۇش-قۇزۇۋەتكەن بولۇپ، بۇ پاتپاراقچىلىقتا قوناخۇن بىلەن ئابلەتمۇ ئۆزلىرىدىكە باش-قىچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋېلىشقا ئۈل-گۈردى. ئىسكىلاتتىكى ئۇن دۆۋىلىرىنى رەتلىك ئېگىزلىتىپ تىزىپ چىققان بەخ-تىخان، ئۈستىبېشىدىن قويۇلۇۋاتقان تەر تامچىلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرت-كىنىچە قوناخۇن بىلەن ئابلەتنىڭ يەنە نېمىنىدۇر تالىشىپ بوغۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئىككىلىرى يەنە نېمە بولۇشلا! — دېدى ئۇ كۈچلۈك، توم بىلەكلىرىنى توغراقتەك تەمبەل بېلىگە تىرىگىنىچە مىختەك قادىلىپ.

— جۇرىن، قارىماملا، بۇ ھارامزادىنى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن ئىشلىتىپ كەلگەن ساپلىقنى مېنىڭ قىلىۋاپتۇ، بۇ بەكمۇ بوزەك قىلغانلىقمۇ! ؟ — دېدى قوناخۇن يەنە بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ.

— ئۇنداق ئەمەس، بەختىخان ئاچا، قوناخۇنكام يالغان ئېيتىدۇ، بۇنى مەن ئەسلى ئىدارىنىڭ ئىسكىلاتىدىن ئۆزۈم ئېلىپ كەلگەن. قارىسام، قوناخۇنكام ...

— ۋاي ئىززىتىنى سېتىپ يەيدىغان پەس-لەرەي، مانا بۇ يەردە يەنە بىرى تۇر-مامدۇ، — دېدى ئۇ گۈرۈچ تاغىرىنىڭ ئۈستىدىكى يوغانراق ساپلىقنى ئېلىۋېتىپ.

— بۇ ... بۇ ... قوپاللىراق جۇرىن، ماۋۇسى ئىشلىتىشكە ئەپلىك. شۇڭا، ھەي، بۇ كۈننىڭ باللىرى ئۇيانىدىن تۇغۇلۇپلا بۇيانىدىن دادىسىنىڭ بۇرۇتىغا چاڭلا-تىزىدۇ، ھى ... ھى ...

— بولدى، قورۇق گەپنى قويۇڭلار، ئىككىڭلار قالغان ئۇننى رەتلىك تىزىۋې-تىپ، پونكىت ئىچىنى بىر قۇر تازىلاپ قويۇڭلار، مەن يىغىنغا بېرىپ كېلەي.

شۇنداق قىلىپ بەختىخان يىغىنغا كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى، جۇرىن كەتكەندىن كېيىن ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالغان بۇ ئىككى «دانىش-مەن» يەنە كونا خامانلىرىنى سورۇشۇپ قىزىرىشىپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسىسى ئۆزىدىكە ئارام بولمىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتى. ئۈستەل ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئابلەت، تېلېفون تۇرۇب-كىسىنى قولىغا ئېلىشى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قاتتىق-قاتتىق توۋلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ، تروبكىنى ئاستا قويدى-دە، تۆت تەرىپىگە قارىغىنىچە ئۆز-ئۆزىگە گۇدۇڭ-لاشقا باشلىدى «قارا، ماۋۇ پېشكەللىكنى، ھېلىمۇ تېلېفون يېنىدا ئۆزۈم بولغىنىم، بولمىسا تۇتۇلۇپ قالىدىكەنمەن، بىر ماشىنا ماي كېلەرمىش، يەنە كېلىپ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئادەمنى يېتىشمەي ئۆزدە-مىز چۈشۈرىدىكەنمىز، گەپ بولدى، بىز تۈزچىنىڭ ئىشىكىمۇ، مانا، قارا ...» ئابلەت قوناخۇنغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ ئاستا ئايشەمخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئايشەم ئاچا، بۈگۈن گۈرۈچ ساندۇقى پۈتمەكچى ئىدى، شۇڭا ياغاچچىخانىغا بارماق-چىدىم، جۇرىن كەلگەندە دەپ قويارلا، — دېدى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى.

يىلان كۆشىسە سېزىپ تۇرىدىغان قونا-خۇن، ئابلەتنىڭ تېلېفون تروبكىسىنى ئېلىپ، ئالاق-جالاق بولغىنىچە ئايشەم-خانغا بىرنېمىلەرنى دەپ كۆزدىن غايىب بولغانلىقىدىن بىرەر ۋەھىمىنىڭ پۈرىقىنى

سەزگەندەك بولۇپ، بويىنىنى سوزۇپ ئۇيان - بۇيان قاراپ قويدى - دە، گۇدۇڭلاشقا باشلىدى. «بەللى، ئاجايىپ ئىش - ھە! ماۋۇ سېرىق توك ھارامزادىنىڭ قىلمىقىدا بىر گەپ بار جۇمۇ، چاشقاندەك غىپ قىلىپ تىكىۋېتىشىدە ئىشقىلىپ بىر نېمىنىڭ شەپىسى بار، مەنمۇ بۇنىڭ ئامالىنى قىلاي، بىكار قېتىق ئىچكەن قوتۇلۇپ، تاۋاق يالىغان تۇتۇلغاندەك بىر ئىش بولمىسۇن يەنە ...» راست دېگەندەك، قوناخۇن كوچا تەرەپتىن بىر ماشىنا مايىنىڭ پونكىت تەرەپكە قايرىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. «ئەنە، دېمىدىمۇ» دېدى ئۇ ئالمان - تالمان پۇل ئېلىۋاتقان رىن يۇخۇانىڭ ئالدىغا كەلدى:

— سىڭلىم رىن يۇخۇا، بېلىم چىم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بەك سانجىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئوكۇلۇم بار ئىدى ئۇكام، دوختۇرخانىغا بېرىپ كېلەي، ھازىرلا كېلىمەن، ۋاي بېلىم ...

ئەمدى پونكىتتا ئايشەمخان بىلەن رىن يۇخۇالا قالغانىدى، ئەسلى تۈزۈمدە ئىككى ئادەم دۇكان ئېچىشقا توغرا كەلمەيتتى، بۇ، ئىككىسىنىڭ ھازىرلا كېلىمىز دەپ بەرگەن ۋەدىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئايشەمخان بىر ياقتىن كىنىشكا يېزىپ، بىر ياقتىن ئۇن جىڭلاشقا باشلىدى. «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، بىر ماشىنا مايىنى ئەكېلىپ قويغان شوپۇر «تېزرەك چۈشۈرۈڭلار» دەپ بۇلارنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتكەنىدى.

يىغىندىن قايتىپ كەلگەن بەختىخان سىرتتا بىر ماشىنا مايىنىڭ تېخىچە چۈشۈرۈلمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىككىسىنىڭ يەنە نەلەرگىدۇ يوقىلىشقانلىقىنى بىلدى - دە، «ھىم» دېدى ئۇ، قات - قات ئېڭىكىنى قېقىپ قويۇپ «قېرى تۈلكە بىلەن پىستە كۈچۈك قېچىپتۇ - دە ...».

ماشىنىدا قاتار تۇرغان ماي تۇڭلىرى ئاپتاپتا قاقلىنىپ شۇنداق قىزىپ كەتكەن ئىدىكى، خۇددى خۇمداندىن پىشىپ چىققان خىشلاردەك ئوت يالقۇنجايتتى، بەختىخان ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ماشىنىغا دىككىدە سەكرەپ چىقتى - دە، ماي تۇڭلىرىنى دومىلىتىشقا باشلىدى.

— ياپىردىم! بەختىخاندا بىر تراكتورنىڭ كۈچى بار ئىكەن جۇمۇ، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر قايىل بولۇشۇپ. ئاندىن دومىلاپ چۈشكەن ماي تۇڭلىرىنى بەختىخان كۆرسەتكەن تەرەپكە تىزدىشماقتا ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، كېلىشىپ قويغاندەك ئۇياقتىن ئىنجىقلاپ قوناخۇن، بۇ ياقتىن كەپكىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغان ئابلەت كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشكەن كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى - دە ھومىيىپ قويۇشتى. ئاندىن يەنە بىرىنچى بولۇپ قوناخۇن سۆز باشلىدى:

— ئۇكام ئابلەت، سىز نەگە كەتكەن؟ مەنغۇ بېلىم ئاغرىپ كېتىپ دوختۇرخانىغا باردىم. سىز بولسىڭىزمۇ ياردەملەشسىڭىز بولمامدۇ؟ بۇ، بۇ، مۇشۇنچىۋالا ئىشنى جۇرىن يالغۇز قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقلەر ياردەملىشىپ يۈرسە ...

— قوناقكا، قىزىقكەنلا، مەن ئويناپ كەلمىدىم، ياغاچچىخانىغا باردىم، خەۋەرلىرى بار، گۈرۈچ ساندۇقى بۈگۈن پۈتمەكچىدى، شۇڭا ...

— ئۇكام ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، بەختىگۈلگە يالغۇز تاشلاپ قويۇش، ئايال خەققە يۆلىنىۋېلىش بەكمۇ، بەكمۇ سەت

ئىشقۇ؟! ...

— قۇناخكا، سىلىمۇ سەت بولۇشنى بىلىدىكەنلا ھە؟ مەن ھارامزادىلىكىنى سىلىدىن ئۆگەندىم، — دېدى ئابلەت تۇساتتىن مۇشت ئاتقاندەك.

— ھە، نېمە دېدىڭ؟! مەن سەت بولۇشنى بىلمەيمەنمۇ؟! قارا، ماۋۇ ھايۋاننى، مەن ھارامزادىمۇ؟! خوش، «دانىشمەن ئاكا»، ئۆزۈڭ نەگە باردىڭ؟...

غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالغان قۇناخۇننىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، ياغاق ئېڭەكلىرى تىترەمەكتە ئىدى.

— ياغاچچىخانىغا باردىم دېدىمغۇ، قانداق قۇلىقىڭغا ياغاچ تىقىۋالغان نېمە بۇ...

ئەمدى ئابلەتمۇ پوكىنى كۆپكەن خورازدەك ھۆرپەيمەكتە ئىدى.

— ۋۇي ئادەم بولمايدىغان ھارامتاماق! سەن مېنى نېمە بو دەيسەنا! ئىست، جۇرىنىڭ ساڭا قىلغان ياردەملىرى خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غىجەك چالغاندەك ئىش بوپتىكەن-دە...

— بەختىخان ئاچامنىڭ ساڭا قىلغان تەربىيىلىرىچۇ، ئۆزۈڭنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟! ئالدامچى قىزىلكۆز، خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان سېپى ئۆزىدىن ئالدامچى! بېلى چىم بوپقاپتىمىش تېخى، ئۆزۈڭنىڭ ئالتە ئېغىزلىق ئۆيۈڭگە لايچىلىق قىلساڭ مەشرەپىڭ ئېشىكىدەك سوكۇلدايسەن، ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى كەلسە بېلىڭ چىم بولۇپ قالدىما، سەن كىمنى ئالدايسەن قېرى تۈلكە، ساڭا ئىش ئېغىر كەلسە باھانە تېپىپ جۈمەگە باراتتىم دەپ قاچىسەن، قارىسا ھاراق ئىچىپ يۈرگەن...

— تىلىڭنى تارت! جوھۇت مۇناپىق! ئۇلۇغ جۈمەگە شەك كەلتۈرمە، ھازىر سەن كۇپۇر بولدۇڭ، ئىمانسىز!...

ئىككى كۆزى قانغا تولغان قۇناخۇن ئاچچىقتىن جالاقلاپ كەتكەنىدى.

— ۋاھ! ماۋۇ ھاراقكەش سوپىنىڭ ئىمانىنى قاراڭ... ھا-ھا...

— ئەستەغپۇرۇللا...

— ھا... ھا...

بىر-بىرىگە يىرتقۇچلارچە ئېتىلمىش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىككى رەقىب بەختىخاننىڭ ئامبۇردەك بارماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى ئۇياققا، بۇنى بۇياققا چۆرۈۋېتىش بىلەن بىر-بىرىنىڭ ساقاللىرىنى يۇلۇۋېلىش ۋە قۇلاقلىرىنى چىشلىۋېلىشتىن ئامان قېلىشتى.

بەختىخان، تېخىچە بۇرۇن ئۇچلىرى كېرىلىپ، بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرغان بۇ ئىككى رەقىبكە ئالىيىپ قويدى-دە، سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرىڭنى تەكشۈرۈپ بولۇشتۇڭمۇ نومۇسسىزلار، ئۆزۈڭلارچە مۇشۇنداق ئۇششۇقلۇق قىلىپ ئىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇق دېمەكچىمۇ، خىيال ئەيلىمەڭلار، مانا ھازىر بىر ماشىنا كۆرۈچ كېلىدۇ، قانداق قىلىشىسەنكىن...

كونا تاختايدىن مىخ سۇغۇرغاندەك خىرقىراپ قالغان قۇناخۇن بەختىخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئابلەتكە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆڭكۈپ كەتكەن چىرايىدىن غەزەپتىن باشقا ھېچ نېمىنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى پۇنكىتتا ئەمەس، قانداقتۇ تۇمان ئىچىدە ئېزىپ قالغان يولۇچىدەك ھەممە نېمىگە ھاڭۋېقىپ قارايتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر ماشىنا كۆرۈچ كېلىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى،

شۇ كۈنكى ماجىرادىن كېيىن قۇناخۇن بىلەن ئابلەت گەپلەشمەيتتى. ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشكىنىدە خۇددى بىر - بىرىنى ئۇسۇۋېتىدىغاندەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ھومىيىپ قويۇشاتتى. ئابلەت ھەدىسە جېدەلخور بولۇۋالدى. ئايشەمخان كېسەل بولۇپ قالدىم دەپ بىر كۈن كەلسە بىر كۈن كەلمەيتتى. قۇناخۇن ئۇن - گۈرۈچ دالدىلىرىدا كىملەر بىلەن كۇسۇلدىشىپ جىمجىتلا بىر ياقلارغا كېتىپ قالاتتى. يەنە كېلىپ ئەتراپتىكى يېڭى بىنالارغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئاھالىلەر پۈنكىت ئۈچۈن يېڭىچە جىددىيلىكنى كەلتۈرمەكتە ئىدى.

بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر بەختىخاننى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇنداق خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن پەقەت باش چۆكۈرۈپ كىراندەك ئىشلەشلا كۇپايە قىلمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەقىل ئىشلىتىپ تۈرلۈك ئۈنۈملۈك چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى... ئۇ ئەمدى ئۆزىدە قانداقتۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر نەرسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، بۇنى ھېچقانداق قىلىپمۇ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كەچ كۇرستا، بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە ئوقۇش قارارىغا كەلدى.

بىر كۈنى يىغىندىن قايتىپ كەلگەن بەختىخان، ئېگىزلىتىپ تىزدىۋەتكەن گۈرۈچ تاغىرى دالدىسىدا ئورۇق، ئېگىز، بۇرۇتلۇق بىر كىشىنىڭ قۇناخۇنغا بىر نەرسىنى بېرىۋاتقانلىقىنى، قۇناخۇننىڭ بىر خىلدا ساناپ قويىنغا تىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، قۇناخۇننىڭ بۇ كىشىنىڭمۇ بۇرۇتىغا چالما تىزىپ شىلدۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا - تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

ئۇ قۇناخۇنغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. قۇناخۇن ئىندەككە مۇنداق ئوڭاي دەسسىگەن بۇ «ئەخمەق» تىن چەكسىز رازى بولغان ھالدا، خۇشامەتتىن خالتىلىشىپ كەتكەن ئېڭىكىنى ئەمدىلا قېقىپ بۇرۇلۇشىغا، بەختىخاننىڭ ئۆزىگە ئادەتتىن تاشقىرى غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇت - قولى بوشىشىپ، چېكىلىرىدىن سوغۇق تەر تامچىدى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى تېخىچە قوينىغا ئىلىقلىق تۇراتتى. بەختىخاننى كۆرۈپلا كېتىشكە ئالدىرىغان ھېلىقى كىشىمۇ بەختىخاننىڭ سۈرلۈك ئاۋازى بىلەن توختاپ قالدى.

— قايتۇرۇپ بەر، ئۇنىڭ پۇلىنى! قەرز ئىگىلىرىنىڭ سېنىڭدىن پۇل ئالالماي كۈندە دېگۈدەك مېنى ئاۋارە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسەن!...

ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلدى - دە، گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مۇشۇ تاپتا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ، غۇرۇرىغا قاتتىق دەشنام تەگكەن قۇناخۇن پۇلنى قانداق قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ شۇ كۈندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىشقا كەلمىدى. بەختىخان ئابلەتنى ئەۋەتسىمۇ كەلمىدى. ئاقىۋەت بەختىخان ئۆزى قايتۇرۇپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىدە قاتتىق غۇم ساقلاپ يۈرگەن قۇناخۇن، بەختىخاننى كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، بۇ مىخنى كۆزدىن يوقىتىشقا پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى.

يەكشەنبە كۈنى. پونكىتتىكىلەر ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. بەختىخان ئىسكىلات ئىچىدە كىشىلەرنىڭ خالتىسىغا ھە دەپ

ئۈن تۆكۈش بىلەن بەنت ئىدى. تۇيۇقسىز «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇ پونكىتنىڭ ئىچى بىر پەس ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۆينىڭ تورۇسى بىلەن تەڭ ئېگىزلىتىپ تىزىۋەتكەن ئۈن خالتىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، بەختىخان شۇنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كۆپچىلىك دەرھال ئۈن خالتىلىرىنى يۆتكىۋېتىپ، ھوشىنى يوقاتقان بەختىخاننى تارتىپ چىقىرىشتى-دە، پونكىت ئالدىدىكى تەييار ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى. ئايشەمخان پونكىتنى داۋاملىق ئېچىۋېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ، بەختىخاننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. ھەممىدىن بەكرەك پۈتى كۆيگەن توخۇ بولۇپ چىرايىنىڭ ئۆڭسىلى قالمىغان قۇناخۇن: «ئاپىلا، ماۋۇ ئىشنى» دېگىنىچە، پونكىت ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغاچ ئۆز-ئۆزىدىن بوغۇلاتتى. ئۇنىڭ مۆلچىرىدىن باشقىچە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئۇنى قاتتىق سەراسىمىگە سالماقتا ئىدى. ئۇ ئىچىدە چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى گۇدۇڭلايتتى، ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بەختىخاننىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنۇپ، بىر پۇتى تىزىدىن قايرىلىپ كەتكەنىدى. بىر ئايدىن بېرى ئاخىرى ئۈزۈلمەي يوقلاپ كېلىۋاتقانلار ئىچىدە قۇناخۇنمۇ بار ئىدى. ئۇ نەرسە-كېرەك تۇتقان ھالدا ئادەملەرنىڭ يوق پەيتىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ قارىسى يۈتكەندىن كېيىنلا، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بالنىتسىغا كىرىپ كەلدى. بەختىخان كىشىلەرنى ئۇزىتىپ ئەمدىلا كارىۋاتتا «ئۇھ» دەپ يېتىشىغا، تونۇش بىر كىشىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە قۇناخۇننى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا:

— كەلسىلە قۇناخۇن، ئوبدان تۇرامىلا؟ — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— بولدى، بەختىخان جۇرىن، قوزغالمىسىلا. ماغدۇرىدىن ئۈزۈلۈپ قالىلا، — دېدى قۇناخۇن ئالمان-تالمان بەختىخاننى يۆلەشكە تەمشىلىپ، — مەن ئەتىگەن كېلەي دېۋىدىم، ئىش...

— ھە راست، ئىشنىڭ ھەممىسى سىلەرگە قالدى، جاپا چېكىۋاتىسىلەر، ئىشلار ئالدىراشتۇ ھەقاچان. ئابلەت ئوبدان تۇرامدۇ؟ ئايشەمخانچۇ؟ رىن يۇخۇانىڭ بالىسىنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ ...

— ھەممىسى ئوبدان جۇرىن، ھەممىسى سالام ئېيتتى. ھەر ھالدا ئوبدان تۇرۇپىلا، خۇداغا شۈكرى، — دېدى ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى بەختىخانغا سۇنۇۋېتىپ.

— ۋاي، ئاۋارە بولماي ئۆزلىرى كېلىۋەرسىلە بولمامدۇ، رەھمەت. مەنمۇ كېلەر ھەپتىگە قالماي قايتىپ چىقىمەن. زېرىكتىم. ھەممىڭلارنى بەك كۆرگۈم كەلدى، پونكىتنى سېغىندىم...

— مەن... مەن... — دېدى قۇناخۇن بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە ئۆزىنى كاچاتلاپ، — سىلىنى مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان مەن. سىلى بىلمەيلا، مەن سىلىنىڭ بىخەستىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ، خالتا دۆۋىسىنىڭ ئاستىدىن بىر خالتا ئۇننى ئېلىۋەتكەنىدىم، سىلى...

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، بۇ، سىلىنىڭ سەۋەنلىكلىرى ئەمەس. دىققەت قىلمىغان ئۆزۈم. بولدى. بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى بەختىخان نېمىنىدۇ

يادىغا كەلتۈرۈپ، — ھە راست، سىلى ئۆي سالىمەن دەپ بىرسىدىن ئىككى مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپتىكەنلا، ئۇ ئادەم مېنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەلدى. ئۈچ يىل بولدى پۇلۇمنى بەرمىدى، ئەمدى سوتقا ئەرز قىلىمەن، دەيدۇ. قۇناخۇن، قەرزنى ھامان تۆلىمەي بولمايدۇ، ئۆزلىرى ئۇششاق بالىلىق ئادەم. ھازىرچە ئورنىنى قىلالمىسىلا مەندىن ئېلىپ تۇرسىلا بولىدۇ، مانا ماۋۇ چەكتە بەش مىڭ يۈەن پۇل بار. ئۆزلىرىگە لازىملىقىنى ئېلىپ، شۇ قەرزنى تۆلىۋەتسىلە، ھەر ھالدا ئالدىلىرى ئوچۇق بولىدۇ...

— رەھمەت جۇرىن، سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە. مەن مۇشۇ تاپتا ئوتنىڭ ئىچىدىمۇ، تېشىدىمۇ كۆيۈۋاتىمەن. مەن سىلىنىڭ پۇللىرىنى قانداق ئالاي، سىلى ھەر يىلى مەكتەپ دەمدۇ، مائارىپ دەمدۇ، بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە دەمدۇ، ئىشقىلىپ، خالىسانە ياردەم قىلىپ تۇرۇۋاتىلا. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، سىلىنىڭمۇ ئۆيلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرى مۇنداق تۇرغان بىلەن تېخى ياش... ھازىر، ئايال خەقنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا...

— مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن، — دېدى بەختىخان قۇناخۇننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — توغرا، ئىنسان دېگەن ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىپ يۈرۈشى كېرەك. بىراق شەھىرىمىزنىڭ، پونكىتىمىزنىڭ ئەھۋالى بىزنىڭ پار-پۇر كىيىنىپ يۈرۈشىمىز بىلەنلا قالتىس بولۇپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ تېخى نۇرغۇنلىغان تەر تۆكۈپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، پونكىتىمىزنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. تېخىچە 50-يىللاردىكى سەۋىيە بىلەن تارازىنى قوچاقلاپ يۈرسەك، ئالغا ئىلگىرىلىمىسەك، پەن-تېخنىكىنى ئىگىلىمىسەك، تېخنىكا يېڭىلاش خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمىسا، جاھاننىڭ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن كارىمىز بولماي، ھە دەپ پۇلنىلا قوغلىشىپ يۈرسەك ئاقىۋىتىمىز نېمە بولار؟... ئىشقىلىپ، كۈن ئۇياقتا، پۇل بۇياقتا دەيدىغان كۈن ئۆتتى. كونا كۆز قارىشى، قولۇلە قېپىدەك ئۆز-ئۆزىنى تىقىۋېلىش مەنتىقىسى ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. بىزدىكى بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ — ئىزدىنىش، يارىتىش. بىز باشقىلارنىڭ سىزىپ بەرگەن يولى، ئۇشتاپ بەرگەن نېنىنى يەپ يېتىۋەرسەك ھۇرۇنلىشىپ قالىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز. شۇڭا، قولىمىزدىن كەلسىلا ئاز-تولا تۆھپە ياراتماي بولمايدۇ...

قۇناخۇن بەختىخاننىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندا، قاش قارايغان چاغ بولغانىدى. ئۇ خۇددى ئىمتىھاندا تۇساتتىن قىيىن سوئالغا دۇچ كەلگەن ئوقۇغۇچىدەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. شەھەرنىڭ چۇقان-سۈرەنگە تولغان بازارلىرى، ھەر رەڭ-ھەر شەكىلدىكى پىكاپلارنىڭ تىنىمسىز سىگناللىرى، يىراقتىكى پويىزنىڭ گۇدۇكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ خۇددى ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن شاردەك ئىككى ئوتتۇردا پىرقىراپ ھالى قالمىغان كاللىسىنى تېخىمۇ گاراڭ قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە كەلدى، ئەتمالىم ئۆزىنى ئەركىن سېزىشكە باشلىدى. ئۇ داۋاملىق گېلىغىچە ئېتىپ يۈرىدىغان چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئەمدى يېشىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ

تومۇرلىرىدا قانداقتۇ بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تۇرلۇك ئىسسىق سېزىم ئاقماقتا ئىدى، بەختىخانىنىڭ بايىقى گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۇۋىدە جاراڭلاپ، ئۇنىڭ قانداقتۇ بىردىنلا باشقا بىر بەختىخانغا ئوخشاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەختىخانىنىڭ داۋاملىق دېگۇدەك «سەن» بىلەن قېتىپ قالغان تىلى بۈگۈن قانداقتۇ «سىلى» دەپ تاشلىغانلىقى، بۇ بىر قاتار مەسىلىلەر ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلۇپ، بەختىخانغا ئىچى-ئىچىدىن قايىل بولۇشقا باشلىدى. «توغرا» دېدى ئۇ بىردىنلا نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ «ئۇ خېلىدىن بېرى ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە ئوقۇغانىدى، ھەتتا مەن ئۇنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەن دىپلوملىرىنى كۆرگەنىدىم. مانا مەن ھازىرلا بىلىم دېگەننىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ساۋاتسىز ئادەمنىڭ نۇقتىسىز ھايۋاندىن نېمە پەرقى. مانا مەن ئۆزۈمنى ئالسام، ئانچە-مۇنچە ھەجىلەپ ساۋاتىمنى چىقىرىۋالغاندىن باشقا بىر قارا قورساق. ناۋادا، جۇرىنىدەك بىر ئاق كۆڭۈل كىشىگە يولۇقۇپ قالمىغان بولسام، ئاقىۋىتىم نېمە بولار... پۇل دېگەن كىمگە ئارتۇقلۇق قىلىدۇ، قىلىدىن ئىنچىكە، پىچاقنىڭ بىسىدەك مۇشۇنداق جاھاندا جۇرىنى ئۆز نەپسىدىن كېچىپ، مېنىڭ قەرزىمنى تۆلىشىمگە بېرىۋاتىدۇ... بۇ نېمىلىكتىن؟ نادانلىق دېگەن ھاماقەتلىككەن، ھاماقەت ئادەم تومشۇقىنىلا كۆرىدىكەن، جۇرىنى مانا كەچ كۇرسلاردا ئوقۇغاچقىمۇ نەزەر دائىرىسى نېمىدېگەن كەڭ، ئۆزىنىمۇ، مېنىمۇ، پۈتكۈلنىمۇ يارامليق قىلىشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز بىاش كۆتۈرمەي ئىشلەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭلا ئىشىنى قىلىدۇ؟ قاچانلا قارىساڭ خەقنىڭ ئىشى ئۈچۈن پالاقشىپ يۈرگەن! ئۇمۇ ئايالغۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئاياللاردەك ياسىنىپ يۈرمەيدۇ؟ ئۇنى ئاز دەپ كىيىۋالىدىغىنى ھېلىقى لابدۇر ئىش كىيىمى. ئۇ بۇلارنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىغاندىمۇ؟... توغرا، گۈزەللىك ھەممە نېمىنىڭ بەختىنى ئاچىدۇ، ھەممە نېمىگە شادلىق بېغىشلايدۇ. تەبىئىي گۈزەللىك بولمىسا سۈنئىي گۈزەللىكمۇ ئادەمنى ياشارتىدۇ. مۇبادا جۇرىنى مۇشۇ ئاياللاردەك ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، خانئەتلەس ۋە شىپەك دۇخاۋىلاردىن كۆڭلەك كىيىپ، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنى تاقىلدىتىپ چوڭ كوچىلاردا مېڭىپ كەتسە، ۋاي... ۋاي... قانچىلىك يارىشىپ كېتەر؟!... ئەپسۇس، جۇرىنى مۇنداق كوچىلاردا يوق. ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى قانچە قېتىملاپ ئېيتقانىدىمەن. خۇددى ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، جۇرىنى بۇ گەپلەرنى يېنىدىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇرىنى بالىنىتسىغا كىرىشنىڭ ئالدىدىلا تېخى... خەرىتىدەك بىر نېمىلەرنى سىزىپ، ساندۇق بىلەن تارازىنىڭ ئەتراپلىرىنى مېترلاپ يۈرگەن... ئېلېكترون ھېسابلىغۇچ بىلەن قانداقتۇر سانلارنى ھېسابلاپ يۈرەتتى... ھەي. مېنىڭ بۇ ئىشلارغا مىڭ يىلدىمۇ ئەقلىم يەتمىگۇدەك...

ئۇ، مۇشۇلارنى ئويلىغىنىچە، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى ئايلىنىپ خېلى يۈردى. ئۇ، مۇشۇ تاپتا شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقىسىمۇ ھارمايدىغاندەك قىلاتتى.

# تەشەككۇر

ھېكايە

مۇھەممەت روزى

رەناگۈل ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدى. قولۇم - قوشنىلار، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى: «شەھەردە قالىدۇ، شەھەردە قالغاندىمۇ جاپاسى يوق ئالاھىدە ئورۇنغا ئورۇنلىشىدۇ» دەپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قاراشتا بولۇشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى رەناگۈلنىڭ تاغىسى ۋىلايەتلىك كادىرلار باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن 30 نەچچە ئوقۇغۇچى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان خىزمەت تەقسىماتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. «گېپىمىز گەپ، — دېيىشەتتى بىر قىسىملىرى، بەرگەن ۋەدىمىزدىن يېنىۋالمايمىز. ۋەتەننىڭ ئېھتىياجى بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز. پارتىيە نەگە بۇيرۇسا، شەرتسىز شۇ يەرگە بارىمىز!» رەناگۈل ئەنە شۇ خىل ئويدا بولۇۋاتقانلاردىن ئىدى. بىراق، شۇ كۈنلەردىكى رەناگۈلنىڭ خاتىرجەملىكى بىر قىسىم كىشىلەردە باشقىدىن غۇلغۇلا قوزغىدى: — ئىشەنچىسى بار-دە، شۇڭا خاتىرجەم، — دېيىشەتتى ئۇلار.

بىر ھەپتىدىن كېيىن كادىرلار باشقارمىسى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرتتى. باشقارما بىناسىنىڭ ئالدى خىزمەت تەقسىماتىنى ئۇقۇشۇش ئۈچۈن كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى بىلىشكە شەھەرئەتراپتىن كېلىشكەن ئاتا - ئانىلار بىلەن تولغانىدى، بەزىلەر ئۈنچىقمايتتى، بەزىلەر تەقسىمات ھەققىدىكى تەخمىنى قاراشلىرى بىلەن بەند ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقارما خادىمى باشلىقلارنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى كىچىكرەك بىر زالغا باشلاپ كىردى.

رەناگۈل ئۆزى بىلەن بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى پولات بىلەن ئىككى كىشىلىك بىر سافاغا يانمۇ - يان ئولتۇردى. ئادەتتە تىرىشچان، خۇشچاقچاق، جۇشقۇنلۇقى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن پولات، بۈگۈن نېمىشقىدۇر چىرايى ئۆمسىلە. جىمغۇر بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزگەن رەناگۈل ئاستاغىنە سورىدى:

— بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، — پولات قىسقىلا جاۋاب بېرىپ بېشىنى ئېغىتتى.

— ئۇنداقتا... كەيپىڭىز باشقىچىلا كۆرۈنىدىغۇ؟ — دېدى رەناگۈل يەنە كۈچەپ، — ياكى تەقسىماتتىن ئەنسىرەپ تۇرامسىز؟

پولات بىردەم ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ، كۆڭلىدىكىنى قىسقىچىلا دېدى:

— نېمە دېسەم بولار رەناگۈل، پارتىيە مېنى تەربىيىلىدى، ئۆز قوينىغا ئالدى.

مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە. مەنمۇ پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتى ئۈچۈن ئەڭ جاپالىق جايلارغا بېرىپ خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. لېكىن ئائىلەمدىكى رېئاللىق مېنى گاڭگىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ.

— ئائىلىڭىزدىكى قانداق ئىشلار ئۇ؟

— يالغۇز ئانام بەش يىلدىن بۇيان مېنى ۋە ئۈچ كىچىك ئۇكامنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاز جاپا چەكمىدى. ئەمدى قارىسام ئانام تۇرمۇشنىڭ جاپاسىدىنمىكىن ياكى دادامنىڭ ئىچ ئاغرىقىدىنمىكىن ھالسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ: دادام ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئانام بۇنچىۋالا ئېغىرچىلىقلارغا قالماس ئىدى. ئانامغۇ بۇ ھەقتە ماڭا ئېغىز ئاچقىنى يوق. تېخى ئېغىر كېسەل ئازابىدا تۇرۇپمۇ، «بالام مەندىن خاتىرجەم بول، پارتىيە نەگە بۇيرۇسا شۇ يەرگە بار» دەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئانامنى شۇ ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۇكىلىرىمنىڭ ئېغىرچىلىقىنىمۇ ئۇنىڭغا تاشلاپ، يىراق بىر يەرلەرگە كېتىپ قالسام قانداق بولار دەپ قايغۇرۇۋاتىمەن.

راست دېگەنىدەك، پولات ئۈچۈن بۇمۇ جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئىدى.

پولاتنىڭ ئائىلىسى بىر چاغلاردا بەختلىك، خاتىرجەم ئائىلىلەردىن ئىدى. دادىسى پېشقەدەم، ماھارەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسى ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

پولات ئانىسى ۋە ئۈچ ئۇكىسى بىلەن قالدى. بىچارە ئانا پۈتۈن دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ بالىلارنى پەرۋىش قىلدى. ئوقۇتتى. پولات داشۆگە كىردى. ئۆيدە قالغان ئۈچ بالىنىڭ ئېغىرچىلىقى ۋە داشۆدىكى پولات ئۈچۈن قىلىنىدىغان زۆرۈر خىراجەتلەر ئانىنى خېلىلا ھالسىراتتى. ئاخىرى ئۆيدىكى گىلەم ۋە ۋېلسىپىت قاتارلىق قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ بالىلار ئۈچۈن سېتىلىپ كېتىپ، ئۆي خېلىلا قۇرۇقدىلىنىپ قالدى. نېمە كەتسە كەتسۇن، بالىلارنى ئوقۇتۇشۇم كېرەك، ئۇلارنى نادانلىقتا قالدۇرماسلىقىم كېرەك. ئۇلار كەلگۈسى ئۈچۈن يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقالىسىلا، مېنىڭ بەختىم شۇ؛ ئانا ئۆزىنىڭ ئاشۇ دېگەنلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

پولات ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا، مەكتەپ پارتىيە تەشكىلىگە «پارتىيە مېنى ئەڭ جاپالىق، ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا ئەۋەتسۇن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەنىدى. بۇ ئۇنىڭ چىن ئىرادىسى ئىدى. شۇنداقلا ئانىسىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئىدى. بىراق، ئۇ ئائىلىسىگە كېلىپ، ئويلانمىسا بولمايدىغان رېئاللىققا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئۇكىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. ئانا بولسا كېسەللىكتىن يېتىپ قالغانىدى. «ئانامنى تاشلاپ كېتەيمۇ، ياق! ئۇنداق قىلسام بالىلىق بۇرچۇم نەدە قالدى؟ ئەگەر ئانامنى دەپ، ئائىلىمنى دەپ، شەھەردە قالاي دېسەم پارتىيىگە نېمە دەپ يۈز كېلىمەن ...» پولاتنىڭ قەلبى ئەنە شۇ پىكىرلەر بىلەن مۇجۇلماقتا ئىدى.

— مۇشۇ ئەھۋاللارنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئېيتىپ باقتىڭىزمۇ؟ رەناگۈلنىڭ سوئالىدىن پولات ئېسىگە كەلدى.

— ياق، ھېچكىمگە تىنمىدىم.

— ئېيتىش كېرەك ئىدى، — دېدى رەناگۈل مۇلايىم ئاۋازدا، — مۇبادا شەھەردە قالسىڭىزمۇ پارتىيىگە، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلالايسىز. قېنى تەقسىماتنى ئاڭلاپ باقايلى، كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولماي قالسا، كېيىن ئەھۋالنى ئېيتىپ كۆرەرمىز.

پولات «ياق رەناگۈل، گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق» دېمەكچى ئىدى - يۇ، شۇ چاغ تەقسىماتنى ئېلان قىلىش يىغىنى باشلىنىپ قالدى. كادىرلار باشقارمىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى تەقسىمات پرىنسىپلىرى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ... قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىدى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا تەقسىماتقا شەرتسىز بويسۇنۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىمكان قەدەر خىزمىتى جاپالىق بولغان جايلارغا بېرىپ تۆھپە يارىتىش ھەققىدە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىرىدا تەقسىمات ئېلان قىلىندى.

رەناگۈلنىڭ تاغىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا چىقتى. پولاتنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئۇنىڭ ئاقارغان چېكە چاچلىرىغا، مېھرىبانلىقتەك بىر ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە چۈشتى.

— ئابدۇقادىر، گۈلپەرى، بۇلبۇل نازى، ئەركىن ... X ناھىيىسىگە...

يىغىن زالى جىمجىتلىققا چۆمگەن، ھەممىنىڭ دىققىتى كادىرلار باشقارمىسى پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ئاۋازىغا مەركەزلەشكەنىدى.

رەناگۈل X يېزىلىق سۇ ئىشى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا! ...

پولات ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، رەناگۈلگە بۇرۇلۇپ قارىدى. رەناگۈل قانداقتۇر بىر خىل رازىمەنلىك بىلەن تاغىسىغا قارىدى. شۇ چاغ ئەتەي: «قانداق سىڭلىم، ئەمدى نېمە دەيسەن؟» دېگەندەك تاغىسىنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى. رەناگۈل تاغىسىنىڭ قىسقا ۋاقىتلىق بۇ تىكىلىشىگە قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاق سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئىللىققىنا كۈلۈپ قويدى.

— پولات ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا!

يا خۇشاللىقتەك ئەمەس، يا خاپىلىقتەك ئەمەس، چۈشىنىكسىز بىر تۇيغۇدىن پولاتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلدىغاندەك بولدى. بىر تۇرۇپ ئۇ، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ قانداقتۇر بىر خىل قىزىق ھارارەتتىن لەرزىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولسا، بىر تۇرۇپ كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر خىل بىئاراملىقتا قېلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۇ، ئىختىيارسىز يەرگە قارىدى.

— «ئەجەب بىر ئىش - ھە، — دەپ ئويلايتتى پولات، — يۆلەنچۈكۈم يوق، مېنىڭ ئائىلىۋى ئەھۋالىمنى چۈشىنىدىغان كىشىمۇ يوق، دەپ غېمىم غەمگە ئۇلاشماي يۈرگەن ئىكەنمەن ... مېنى شەھەرگە ... ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى بولسا شەھەردىن ئالمىنەلەردىكى يىراقلىقتا بولغان، ئەمەلدىلا تېخى قۇرۇلۇۋاتقان ئېلېكتر ئىستانسىسىغا — جاپالىق يەرگە تەقسىم قىلغىنى ئاجايىپ - تە. بۇرۇن ئاز ساندىكى مۇنچىلىك ھوقۇقى بار كىشىلەر ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلمىغان - ھە! ... رەناگۈلنىڭ تاغىسى ھەقىقەتەن پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ، مۇشۇنداق كادىرلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئۇلۇغ،

شانلىق پارتىيىگە يۈزمىڭ تەشەككۈر.

— پولات تەقسىمات كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ - ھە! — قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن پولات ئېسىنى يىغدى ۋە «شۇنداق» دېگەندەك مەندە بېشىنى ئىغىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

— ماڭىمۇ ياخشى بوپتۇ، لېكىن سىزگە قىيىن بولىدىغان بولدى - دە، — دېدى پولات.

— ئۇنداق دېمەڭ. تاغام ماڭا كۆپ تەربىيەلەرنى بەردى. مەنمۇ دەسلەپتە «شەھەردە قالىمەنغۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن تاغام كەسكىن قىلىپ: — «سەن مېنىڭ ھەقىقىي جان - جىگەر تۇغقىنىم بولىدىغان بولساڭ، خىزمىتى جاپالىق يەرلەرگە بار» — دېدى. شۇڭا مەن ئەسلى نىيىتىمدىن يېنىپ، پارتىيەنەگە بۇيرۇسا شۇ يەرگە بېرىش نىيىتىگە كەلدىم، — رەناگۈلنىڭ ئويناپ تۇرغان چولپان كۆزلىرىدىن ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىك ئۇچقۇنلىرى يالتىرايتتى.

— تاغىڭىز پارتىيىنىڭ ھەقىقىي ياخشى كادىرى بولۇشقا مۇناسىپ كىشى ئىكەن، مېنى راستتىنلا تەسىرلەندۈردى، — دېدى پولات.

— شۇنداق بولمىسا بولمايدۇ - دە، — دېدى رەناگۈل ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ھەممىدە ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز يېقىنلىرى ئۈچۈنلا چوت سوقىدىغان كادىرنى پارتىيە ئىستىمۇ ياقتۇرمايدۇ، خەلقىمۇ ئۇنداقلاردىن يىرگىنىدۇ. سىز رەھمەت ئېيتسىڭىز تاغامغا ئەمەس، پارتىيىگە تەشەككۈر ئېيتىڭ.

يىغىن تۈگىدى. تەقسىماتتىن كۆڭلى قانائەت تاپقان پولات زالدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ رەناگۈلگە دېدى:

— يېڭى خىزمەت ئورنىڭىزدا يېڭى شان-شەرەپ يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

— سەممىي ئۈمىدىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، سىزگىمۇ شۇنداق ئۈمىد تەمەن، — دېدى رەناگۈل.

## ماقال ۋە تەمسىللەر

كۆيگەن ئوتنىڭ تۈتۈنى يوق.
كىرىشتىن ئاۋۋال چىقىشنى ئويلا.
ياخشى بولساڭ ئېغىر بول، ئۇلۇغ بولساڭ كىچىك بول.
كۆكتىن ئىزدىگەننى يەردىن تاپتى.
كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۆز قولىدا.
ئوغرى ئۆلگۈچە ئاقمەن دەيدۇ.
لەمپىنىڭ يورۇقى، ئاتىنىڭ تورۇقى.
مۈشۈك ئۇخلىسا، چۈشىدە چاشقان كۆرىدۇ.
نېسى يېمەك گۆشنى، تېشىپ چىقىدۇ تۆشنى.
ناداىلىق قاراڭغۇلۇقتىن يامان.

# ئاچقۇچ

(ھېكايە)

نىجات يۈسۈپ

بىر يۈرۈش ئۆي بېرىلدى، دېگەن خۇشخەۋەر قاسىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى. شۇڭا قاسىمنىڭ خوتۇنى تاڭ يورۇشىغىلا ئۇنى ئويغىتىپ، بالدۇرراق بېرىپ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراتتى.

ئۇلار ئالتە جان ئادەم يەنىلا شۇ بىر يېرىم ئېغىزلىق كونا ئۆيدە سىقىلىپ ئولتۇراتتى. نېمە ئامال بولسۇن، تەنتەربىيە كومىتېتىدا ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئۆي مەسىلىسى جىددىي ئىدى. قاسىمنىڭ خوتۇنى ھەمىشە قاسىمنى ئەيىبلەپ: «باشلىرىنى ئىچلىرىگە تىقىپ يۈرۈۋەرسىلە بىزگە ئۆمۈر بويى ئۆي تەگمەيدۇ. سىلى بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىناغا چىقىپ بولدى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاددىي پۇقرا بولۇپ ئىشلەپ، تېخى ئەمدىلا ئىشخانا مۇدىرلىق ھوقۇقى تېگىپتۇ. ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىشقا سىلىمۇ قاتنىشىدىكەنلا، موزدۇز يالڭاياغ، بايكار ئىشتانسىز قالغاندەك، بىزمۇ ئۆيسىز قېلىۋاتىمىز» دەپ تاپا-تەنە قىلاتتى. ئوغلىمۇ ئانىسىغا بولۇشۇپ دادىسىنى ئەيىبلەيتتى.

قاسىم بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، كۆڭلىدە بىر ئاز غەشلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەرھال ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، خوتۇنىغا ياخشى گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرەتتى.

ئۇ، ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ھۆرمەتلىك تېرېنېرى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، كوماندا ئەزالىرىنى جاپالىق مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى.

بەزىلەر ئۆز بالىلىرىنى ۋالىبول كوماندىسىغا بېرىش ئۈچۈن، قاسىمغا ياخشىچاق بولۇپ، كۆپلىگەن سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بالا قوبۇل قىلىشتا شەرت-ئۆلچەم بويىچە ياراملىقلارنى تاللاپ، سوۋغا-سالاملارنى بىردەك رەت قىلغان. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان كەسپىنىڭ سودىگەرچىلىك ئەمەس، خەلقنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، پارا ئالماسلىق ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ئىدى.

ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق بولسىمۇ، قاسىم قىيىنچىلىقنىڭ ھامان تۈگەيدىغانلىقىغا، تۇرمۇشنىڭمۇ پەيدىنپەي ياخشىلىنىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇ ئىستىقبال نۇرىنى كۆرگەنىدى.

تۈنۈگۈن ئۆي تەقسىم قىلىش يىغىنى ئاياغلىشىپ، ئۆيلەرمۇ تەقسىم قىلىنىپ بولغانىدى. بۇ قېتىم قاسىمنىڭ خىزمەت تارىخى، سالاھىيىتى ۋە ئۆي قىيىنچىلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئۈچ ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆي تەقسىم قىلىندى.

ئۇ بۈگۈن ئورنىدىن دەسلا تۇردى-دە، ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋېلىپ، خوتۇنىنىڭ قايتىلاپ جېكىلەشلىرىگە ئانچە

قۇلاق سالماستىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ قويۇپ، ئىدارىگە بېرىپ يېڭى ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. ئۇ، ئاچقۇچقا ئانچە سەپسېلىپ كەتمەيلا يانچۇقىغا سالدى ۋە ئۇدۇل مىرزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مىرزا بولسا قاسىمنىڭ دەسلەپكى شاگىرتى، ئۇنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ چەت ئارقا كوچىسىدىكى تار، كىچىك بىر بازاردا بولۇپ، كۈن نۇرىمۇ چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ بىر ئۆي ئىدى. قاسىم مىرزىنىڭ ئۆيىنىڭ بەكمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ، «ھەي، بۇ ئۆي مېنىڭ ئۆيۈمگىمۇ يەتمەيدۇ، ھەر نېمە بولسا مېنىڭ ئۆيۈمگە كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇ قاراڭغۇ كەمىدە مىرزا ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن 10 نەچچە يىلنى ئەستە ئۆتكۈزدى» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈردى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا يانچۇقىنى سىيلاپ قويدى. توختىماي ياسالغان ئۈچ دانە ئاچقۇچ يانچۇقىدا تۇراتتى. شۇ ئەسنادا قانداقتۇ بىرۇن ئۆزى يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرىنىڭ ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى، ئۆز ئۇستازىنىڭ ئاشۇنداق تار، ناچار ئۆيدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېچىنغان ھالدا ھەممىسىنىڭ ئۆي سېلىۋېلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ، بۇنداق قىلىشنى توسقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ مىرزىنىڭ ئەبجەق ئۆيىنى ئويلىغاندا كۆڭلى بىئارام بولدى: ھەي، مىرزا ئەگەر باشقا ئورۇندا بولىدىغان بولسا گەپ يوقلا بىنادا ئولتۇرغان بولاتتى. ئۇنىڭ ستاژىمۇ 20 يىلغا تاقاپ قالدى. تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە مۇشۇنداق خارابىلىقتا ئولتۇرىدۇ - ھە! ھەي، تەڭشەلمىگەن ئالەم. ئۇ ئۆزىچە قايناپ قالدى ۋە يەنە: ھە، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىمۇ شۇنداققۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ خىيال سۈرۈپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، مىرزىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى. ئىشىك ھاڭدەك ئوچۇق تۇراتتى.

— مەن بۇ زىنداندا ئولتۇرمايمەن. مۇشۇمۇ ئادەم ئولتۇرىدىغان جايمۇ؟ — مىرزىنىڭ خوتۇنى گۇلئايىم قاتتىق كايىۋاتاتتى.

— ھازىر ئىدارىدە ئۆي يېتىشمەيۋاتسا، مېنىڭ نېمە ئامالىم! — مىرزا خوتۇنىغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى.

— باشقىلارغا يېتىشكەن ئۆي بىزگە يېتىشمەمدىكەن؟! ئاڭلىسام، بۇ قېتىم بىزنى ئەتەي قالدۇرۇپ قويۇپتىمىش. بىزنىڭ قايسى جەھەتتىن شەرتىمىز توشمايدىكەن.

— ھوي خوتۇن، ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەۋەرمەڭلار، بىزدىنمۇ قىيىنچىلىقى بار كونا پېشقەدەملەر بار ئەمەسمۇ؟!

— گەپ ئۆزىڭىزدە، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىرسى بولغان بولسا ئۆيمۇ بولغان بولاتتى. بۇنداق ئىشتا موللا مۇشۇك بولساق زىيان تارتىمىز. نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈردىڭىز، تەنتەربىيىدە 20 يىلغا يېقىن ئىشلىدىڭىز، شەرتىڭىزمۇ توشۇپ ئېشىپ كېتىدۇ. بىر قېتىم ئىلتىماسنى يېزىپ قويۇپ، ئۇنى سۈرۈشتە قىلماي، قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك يوق بولۇپ كەتسىڭىز، ئۆي ئالدىڭىزغا ئۆزى كېلەمدۇ؟ بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالمايدۇ. مۇشۇ ئىش تىلغا ئېلىنسىلا بېشىڭىز قاتىدۇ، تىلىڭىز تۇتۇلىدىغان بىر ئىش بارمىدى - يا! قاراپ باقمامسىز، كىشىلەر ھازىر باي بولۇپ، ئۆزلىرىگە بەخت ئىزلەۋاتىدۇ. سىزچۇ، ئېھتىياتچان جاناب بولۇپ، پىرىنسىپ-

پىيالىلىق قىلىپ، يەنىلا ياخشىچاق بولۇپ، ئاسمان يىقىلىپ چۈشۈۋاتسىمۇ تېگىدە يېتىپ مانتا يەۋاتىمىز، ئاخىر نېمە بولدۇق، مانا، مۇشۇ زىنداندا ئولتۇرۇپ، تىرىدىك ئازاب چېكىۋاتىمىز...

گۈلئايىمنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان قاسىمنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ۋاي قاسىمكا، كېلىپ قاپسىز، ئۆيگە كىرسىلە، — ئۇ، قاسىمنى ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆز ۋاقتىدا قاسىمنىڭ شاگىرتى بولغانىدى.

— بايا سىلەرنىڭ ئۆيدىكى گەپلەرنى ئاڭلىدىم. پات ئارىدا ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. يېزىلارغا قاراپ باقايلى، دېھقانلار بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا بۇ ياخشى بولغانلىقى ئەمەسمۇ!

— بىزنىڭكىدەك خارابە ئۆيلەر قاچان ياخشى بولىدىكىن، قاسىمكا. 30 يىلدىن ئاشتى، شۇ پېتى تۇرىمىدۇ تېخى! — گۈلئايىم يەنە قايناپ كەتتى، — يۈزى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك بولۇۋاتىدۇ. بۇ تەڭسىزلىك قاچان تەڭشىلەركىن!

32 ياشلاردىكى بۇ ئايال ئۆز ۋاقتىدا ۋالىبول كوماندىسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى داۋاملىق توپ ئويناشقا يار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يولدىشىنىڭ خىزمىتىگە يار-يۆلەك بولۇپ، تۇرمۇشتا ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ كىيىم-كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بوغچىسىنى چىگىپ مېڭىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى.

گۈلئايىم پەشقەدەم ئۇستازغا قاراپ خىجىل بولدى:

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، قاسىمكا، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويدۇم.

قاسىم نېمە دېيىشنى بىلمەي بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى، ھەي، مەن ئۇلارنىڭ ئۇستازىغۇ، مەن كوممۇنىستقۇ! پارتىيەنىڭ ئىناۋىتى ئۇلارنىڭ قەلبىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتسا، نېمىشقا بۇ ئىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن؟ مەن كوممۇنىستلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك. ئۇ بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ھە، نېمە قىلغىنىڭلار بۇ، بىر چىرايلىق ئەر-خوتۇن تۇرۇپ... قاراڭلار، مەن سىلەرگە كاتتا بىر سوۋغات ئېلىپ كەلدىم، — قاسىم خۇددى مەخپىي بىر نەرسىنى بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك، يانچۇقىغا ئاستا قولىنى سالدى. مىرزا بىلەن گۈلئايىم ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپ قېلىشتى.

قاسىم يېڭى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇقىدىن ئالدى ۋە ئۇنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، قانداقتۇ بىر خىل ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغلىنىڭ قاتتىق ئاۋازى قۇلىقىدا جاراڭلاۋاتقاندەك بولدى:

«ھوي، قاسىماخۇن، سىلىزە، ئەجەبمۇ...» خوتۇنىنىڭ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتاتتى... «20 نەچچە يىل بوپتۇ، بىز نېمە راھەت كۆردۇق، ئەمدى راھەت كۆرىدىغان پەيت كەلگەندىمۇ راھەت كۆرەلمىسەك، بۇنىڭغا نېمە دېيىش

كېرەك! مېنىڭ يىل بويى ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ، بالىلاردىن خەۋەر ئېلىپ بىر كۈلۈكىنىڭ، تۆت بولۇكىنىڭ خوجىسى بولۇپ ئۆتكىنىمنى بىلمىلا، بىنادىكى پارلىق ئۆيلەرنىڭ قانداق راھەتنى بارلىقىنى بىلمەيمەن». «دادا، قولغا كەلگەن ئامەتنى قاچۇرۇپ قويمايلى، بىز ئۈچۈن كۆپرەك باش قاتۇرۇڭ ...».

قاسىمنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر خىل ئاۋاز ئاڭلاندى:

... كوممۇنىستلار جاپا ـ مۇشەققەتتە ئالدىدا، راھەت ـ پاراغەتتە ئارقىدا تۇرۇشى كېرەك ...

بۇ سۆزلەرنى ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر ۋاقىت ئېسىدە ساقلاپ كەلگەنىدى. سەن كوممۇنىستمۇ؟ كوممۇنىست بولساڭ، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك بول! بۇ ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان سادا ئىدى. بۇ سادا ئۇنى ئازاب ئىچىدىن تارتىپ چىقارغاندەك بولدى. ئۇ، مىرزا بىلەن گۈلئايىمنىڭ تەشنالىق بىلەن قارىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىق چىنى ئىتتىكلا ئۇلارغا تەڭلىدى:

ــ قاراڭلار، مانا بۇ سىلەرگە بېرىلگەن ئۆينىڭ ئاچقۇچى.

ــ ھە! راستمۇ؟ ئېلان قىلىنغان تىزىملىكتە بىزنىڭ ئىسمىمىز يوق ئىدىغۇ؟!

ــ ياق سىلەرگىمۇ ئۆي بېرىلدى، مانا بۇ ئاچقۇچ سىلەرنىڭ.

گۈلئايىم ئاچقۇچنى قولغا ئېلىپ خۇشاللىقىدا سۆيۈنۈپ كەتتى.

ــ قانداق، پات ئارىدا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دېمىگەنمىدىم، راستمىكەن؟ ــ قاسىم ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىندى.

ــ قايسى ئۆي، نەچچىنچى قەۋەت؟ ــ گۈلئايىم ئالدىراپ سورىدى.

ــ يېڭىدىن سېلىنغان بىنا، بىرىنچى پوي، ئىككىنچى قەۋەت، 3 ـ نومۇرلۇق ئۆي.

ــ بۇ زادى بىزگە بېرىلگەن ئۆيمۇ، ياكى ... ــ مىرزا ئاچقۇچنى قولغا ئېلىپ، گۇمانسىرىغان ھالدا سورىدى.

ــ ئەلۋەتتە، سىلەرگە بېرىلگەن ئۆي. بىز ئۆي قىيىنچىلىقى ئېغىر ئاق تېرىنىڭلارنىڭ ئەم ـ قايغۇسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاۋۋال سىلەرگە بېرىشنى توغرا تاپتۇق.

ــ قاسىمكا، راست گەپ قىلسىلا، بۇ ئۆي ئەسلى بىزگە تەقسىم قىلىنمىغان، قانداق بولۇپ بىزگە مەنسۇپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ؟

ــ ھەي، گەپنىڭ راستىنى ئېيتماي بولمىدى. بۇ ئۆي ئەسلىدە ماڭا بېرىلگەن ئۆي ئىدى. لېكىن مەن سىلەرنى سىرتتا ئولتۇرۇۋاتىدۇ، قىيىنچىلىقى بىزدىنمۇ ئېغىر دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمگە بېرىلگەن ئۆينى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدىم.

ــ سىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمۇ بىزدىن قېلىشمايدۇ، ــ دېدى مىرزا جىددىيلىشىپ، ــ ياق، سىلى ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋەرسىلە، قاسىمكا، بىزنى دەپ ئۆيلىرىدە تاپان تەڭگە قالىلا.

ــ ياق، قارار بۇزۇلمايدۇ، سىلەرگە ئۆتكۈزگىنىم ئۆتكۈزگەن، بالىلارنى مەن گەپكە كىرگۈزىمەن، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار.

ــ كىشىنىڭ رىسقىدا ئولتۇرساق ياخشى بولمايدۇ، يەنىلا ئۆزلىرى ئولتۇرسىلا، قاسىمكا، ــ دېدى گۈلئايىم.

ــ قارارىم بۇزۇلمايدۇ، دېدىمغۇ، گېپىم گەپ، سىلەر ئولتۇرۇڭلار.

ــ قاسىمكا، ياخشى نىيەتلىرىگە، ئىلـ

تىپات قەدەملىرىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار! — گۈلئايىم تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— ئەرزىمەيدۇ، — قاسىم گۈلئايىمغا قارىدى، — گۈلئايىمخان، بايىقى ئاچچىقلىرىدىن يانغانلا! بۈگۈن ئەسلى مەن سىلەرنى خۇشال قىلىشقا كەلگەنىدىم. خاپىلىق ئۈستىگە كەپتىمەن. ئەمدى بۇ خاپىلىقلارغا خاتىمە بېرىپ، يېڭى ئۆيگە دەرھال كۆچۈڭلار، بۇ ئۆي ماڭا لازىم.

قاسىم ئۆزىنىڭ بۇ قارارىدىن تولىمۇ قانائەت ھاسىل قىلدى. بۇ چاغدا مىرزا گۈلئايىمغا ئىمزا تەييارلاش ھەققىدە ئىشارەت قىلىۋىدى، قاسىم بۇنى بايقاپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. مىرزا دەرھال ئۇنى توسۇپ:

— قاسىمكا، ئۆزىڭىز بۇيان كەلگەنلىرىڭىز شۇ، ئولتۇرسىلا، گۈلئايىم ئىمزا تەييارلىسۇن، تازا ئوبدان بىر مۇڭدىشىۋالايلى، — دېدى ۋە تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنۇلارنى ئويلىدى: كىم راھەت كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئارامخۇدا ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ؟ لېكىن بۇ ئادەم كىشىلىك ھاياتتا كەم ئۇچرايدىغان پاك-دىيانەتلىك، ياخشى خىسلەتلىك ئادەم. ئۇ، ئەمەلنى خەلقنىڭ چاكىرى بولغانلىق دەپ بىلدى، قىلچە كىبىرلىك قىلمىدى، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشنى، راھەت كۆرۈشنى خالىمىدى. ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ، كەڭ ئەپكار ئامما بىلەن ئۆزىنى تەڭ ئورۇندا قويۇپ كەلدى. بۇ نېمىدېگەن يۈكسەك خىسلەت-ھە! بۇ ئادەمنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەقىقىي كوممۇنىست دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

× ×

قاسىم مىرزىنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققاندا قاش قارايغانىدى. يامغۇر ئانچە-مۇنچە تامچىلاشقا باشلىدى. ئاسفالىت يولدىكى چىراغلار مەرۋايىتتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. قاسىم يامغۇرغا پىسەنت قىلماستىن، ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە، خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى قايىل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە شۇنى ئويلايتتى: ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىمىزنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلى. ئوغلىمىز تېخى چوڭ توي قىلمىغان، ئۆي ناچار بولۇپ قالسا، ئېسىل ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ ئېغىلغا زەدىۋال تۇتقاندەك بولۇپ قالىدۇ، دەۋاتاتتى. ئۆزىمۇ گەپكە كىرگۈزەرمەن. بۇ مۇۋاقىتلىق قىيىنچىلىقتۇ. ھېلىمۇ ھازىرقى ياشلار تەلەيلىك، ئۇلار بەختكە ئۇلگۈرۈپ چوڭ بولدى. بۇرۇنقىدەك نامراتلىق، تەڭلىكتە ئۆتمەيمىز. باياشادلىققا قاراپ مېڭىۋاتىمىز. شۇڭلاقتىمۇ ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، توينى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزسەك تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ. بىز نامراتلىقنىڭ پاجىئەلىك شادلىقى، پەرزەنتلەرنىڭ كۆلكە ئىچىدىكى كۆز يېشى بولىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم. ئۇ يۇقىرىقىلارنى ئويلىغان پېتى كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەرلەردىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا بۇ يەرلەرگە قاتار بىنالارنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. راست، بۇ يەرلەردە ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قاسىمنىڭ قەلبى بىردىنلا سۇ ئىچكەندەك بولدى-دە، خۇشاللىقىدا ئۆز-ئۆزىگە دېدى: مانا، ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. ئەنە، قاراڭ، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىۋاتىمدۇ!...

# «شەرت» ھەققىدە پاراڭ

(ھېكايە)

مۇھەممەتجان چىلەل

«... قۇرۇپ كەتسۇن بۇ خىل ناچار قىلىق! ئەمدى پارىخورلۇقنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ماڭا، ياق، پارتىيە ئىشىغا يۆزلەنگىنى نېمىسى ... — دەيتتى ئىدارە پارتىگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تونۇگۈن كەچتىكى مېھماندارچىلىقتا چېچىلىپ، — بۇ دۇنيادىغۇ غەرەزسىز مېھمان چاقىرىدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ. ئەسلى بارمايلا قويماپتىمەن. ھاياتىللا بولىدىكەنمەن، بۇ خىل ئىشلارغا قەتئىي يول قويمايمەن. بېشىڭنى قېلىچ كەسسىمۇ توغرا سۆزلە دېگەن گەپ بار، كىمنىڭ شەرتى تىرىشسا شۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك! پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ئادەملەر نېمە ئۈچۈن ئويلىمايدىغاندۇ — ھە؟ ...»

ئىشخانىدىكى جىددىي جىرىڭلىغان تېلېفون سادىسى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ سورىدى:

— ۋەي، سىز كىم؟ ھە، باشلىق «ت» مۇ؟ ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ — دېدى شۇجى چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتكەچ، — ھەر قايسىلىرى قانداق بولۇپ ماڭا ...

تېلېفون دەل ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىدىن كەلگەنىدى.

—... ئىشلار ئانچە بېسىق ئەمەستۇ؟... ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى. ۋەي، ئىشخانىڭىزدا باشقا ئادەم يوقتۇ؟ — تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى سەل تۇرۇۋېلىپ، تەلەپپۇزىنى تېخىمۇ سىلىقلاشتۇردى، — ۋەي، پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش ۋە پاك - دىيانەتلىك بولۇش خىزمىتىدە سىلەرنىڭ ئىدارە پارتىگورۇپپىسىدىكىلەر كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپسىلەر. ماتېرىياللىرىڭلارنى تېخى تونۇگۈن كۆرۈپ چىقتىم. توغرا، پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن جان كەتسىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. ۋەي، سىزگە دەرس ئۆتۈپ كەتكىنىمنى... ۋەي، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ۋە ئانكېتىلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭلارمۇ؟... ئانكېتىنى تېخى بىرسىگە بەرمىگەنسىز؟ ... ئۇنداقتا ناھايىتى ياخشى! «ب» شۇجى، ئىككەيلەن 50 - يىللارنىڭ زىيالىيسى ھەم ئەل بۇرادەرچىلىكىمىز بار. شۇڭا ئوغلۇمنى بۇ نۆۋەت پارتىيىگە قوبۇل قىلىۋەتسىڭىز، چۈنكى مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم. «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەنىدەك. ئارامغا چىققۇچە ئۇنىڭ ئىشىنى... ھا... ھا ... شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. لېكىن ئۇ پارتىيە ئەزاسى بولمىغاچقا ...

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغانسېرى شۇجى ئۆزىنى باسالماي قالدى. چۈنكى ئۇ ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى خىزمەتتە پرىنسىپال ئىدى. پارتىيىلىك مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ «ئارقا ئىشىك» سوۋغىلىرىنى زادىلا قوبۇل قىلمايتتى. ئۇ بىر ھازا ئۈندىمەستىن تۇرۇپ قالدى. تۇرۇپكا تۇتقان ئوڭ قولى ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى: «بۇ خىل ئىشلارنى قىلىش 30 يىللىق پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتىم بىلەن خىزمەت ئىستىلىمغا تامامەن يات...» ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن كۆڭلىنى تىندۇردى.

— باشلىق... بۇ ئىشنى ئەڭ ياخشىسى پارتىيە نىزامنامىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلساق، — دېدى جاۋابەن.

ئەمەلىيەتتە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئوغلى «ب» شۇجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەتتىكى كادىر ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى شۇجى بەش قولدەك بىلەتتى.

— ۋەي، بىزنىڭ ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق! بولدى. بۇ نۆۋەت ئوغلۇمنى چوقۇم پارتىيىگە قوبۇل قىلىۋېتىڭ! ئۇنى... — تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى گېپىنى سوزۇپ داۋام قىلماقتا ئىدى، — ئىش دېگەننى ھەممە ۋاقىتتا پرىنسىپ تارازىسىغا سالمەن دېگىلى بولمايدۇ... ئۇنداق قىلسىڭىز... ۋەي، يېقىندا ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنى رەھبەرلىك بەنزىسىگە سەپلەپ ئىشلىتىش توغرىسىدا ھۆججەت كەلدى. مۇھىم شەرتى بۇ خىل ياش كادىرلار پارتىيىلىك بولۇشى كېرەك-كەن... ھە راست، كۈيئوغلىڭىزمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىيغۇ؟ بۇ ئىشتا ئۇنىڭغىمۇ ئېپىنى كەلتۈرۈپ «ئىلتىپات» قىلارمىز... ۋەي، ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى بىر ئامال قىلىپ توغرىلىۋېتەرسىز. ئۇنىڭ بۇ «شەرتى» ئورۇنلانسىلا قالغانلىرىنى ئۆزۈم...

شۇجىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. غەزەپتىن قېلىن كالپۇكلىرى تارتىشىپ كەتتى:

— ... باشلىق، ئوغلىڭىزنىڭ پارتىيىگە كىرىش شەرتى توشمايدۇ. ئۇنى يەنە بىر قانچە يىل نۇقتىلىق تەربىيىلەش كېرەك. سىز دېگەن «شەرت»نى ئۆز ھېسسىياتىڭىز بويىچە بىر ياق قىلىۋېتىش — بىر پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس! پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا يۈز-خاتىرە قىلمىغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىنى ھەقىقىي تىكلىگەن بولىمىز. ئەگەر ساختىلىق قىلساق، شەرت ھازىرلىغانلارنى قوبۇل قىلمىساق، ئادەملەرنى قانداق ئىدارە قىلالايمىز، باشلىق؟!

— نېمە... نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ سىزە، يەنىلا كاجلىق خۇيىڭىزنى تاشلىماپسىز-دە، ... — تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ بىر خىل ئەندىشە ئارىلاش ئاۋازى «ب» شۇجىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيتتى. ئۇ تۇرۇپكىنى زەردە بىلەن قويۇۋەتتى.

# ئىنتېرناتسىئونال

(ھېكايە)

پاۋ. ژېلېزنىكوۋ

[سوۋېت ئىتتىپاقى]

ساشانىڭ ئاغرىپ قېلىپ ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىشقا كەتتى. بىر چاغدا ساشا تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى سەزدى. ئۆيگە كىرگەن كىشى قوشنا بىنادا ئولتۇرۇشلۇق پيوتر پېتروۋىچ ئىدى. ساشا ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم ساشانىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇراتتى. پيوتر پېتروۋىچ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا ئۆزى يالغۇز ياشايتتى. ئوغلى بولسا باشقا شەھەردە خىزمەت قىلاتتى.

— ھە، پيوتر پېتروۋىچ، ياخشىمۇسىز، — سۆزلىدى ساشا، — قېنى ئولتۇرۇڭ، مەن يەنە ئاغرىپ قالدىم...

پيوتر پېتروۋىچ ساشانىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، قولىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويۇپ:

— ھېچقىسى يوق، بىر - ئىككى كۈندىلا ياخشى بولۇپ كېتىپ، مەكتەپكە يۈگۈرىسەن، زېرىكمىگەنسەن؟ — دېدى ئۇ.

ئۇلار خېلى پاراڭلاشتى. پيوتر پېتروۋىچ ساشانىڭ مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئىشىك قېشىغا كەلدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ: «غەيرەت قىل، نوپاساران» دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سورىدى ساشا.

— ئىسپانچە «ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ» دېگەن سۆز!

— كىملەر غەلىبە قىلالمايدۇ؟

— دۈشمەنلەر. 1936 - يىلى ئىسپانىيىدىكى فاشىستلارغا قارشى جەڭدە بىر جەڭچى شۇنداق دېگەن.

— سۆزلەپ بېرىڭا، پيوتر پېتروۋىچ، — ئۆتۈندى ساشا، — مەن گەپ قىلماي ياخشى ئاڭلايمەن.

پيوتر پېتروۋىچ قايتىپ كېلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئۇنداق بولسا، ئاڭلىغىن. مەن ئىسپانىيىدىكى يىللاردا خەلقئارالىق بىرىگادىنىڭ جەڭچىسى ئىدىم. بىرىگادىمىز رۇس، نېمىس ۋە فرانسۇزلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىمىز فاشىستلارغا ئۆچ ئىدۇق.

بىر قېتىملىق جەڭدە مەن يارىلىنىپ فاشىستلارغا ئەسىر بولۇپ قالدىم. ئۇلار مېنى بىر يېزىدىكى گەمىگە سولاپ قويدى. گەمىدە تونۇمايدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قېرى ئىسپانىيىلىك دېھقان، ئىككى ياش بار ئىدى. بىزگە يېقىنلا جايدا ئۇرۇش داۋاملىشىپ، ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە قارىغاچ ئولتۇردۇق. بىر چاغدا مەن بىرسىنىڭ فرانسۇز تىلىدا بوش ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستى - بېشى قانغا بويالغانىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنتېرناتسىئونال ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئەسلىدە «ئىنتېرناتسىئونال»نى ئېيتىش ئارقىلىق گەمىدىكىلەرنىڭ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا سوزۇلۇپ بېرىپ ئىنتېرناتسىئونالنى رۇسچە ئېيتىشقا باشلىدىم.

پيوتر پېترووۋىچ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ياشلارغا ئوخشاپ قالدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى؟ — سورىدى ساشا.

— «كامارادە»① — دېدى فرانسۇز تەبەسسۇم قىلىپ.

ئۇ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى. بۇنىڭ ئۆزى يولداش، دوست دېگەنلىكنى بىلدۈرەتتى. بۇ چاغدا يەنە بىر كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىنتېرناتسىئونالنى نېمىسچە ئېيتقاچ يېنىمىزغا سۈرۈلۈپ كەلدى. بىز فرانسۇز، رۇس ۋە نېمىسلار بىر قاتار ئولتۇرغانىدۇق. بىز سۆزلەشمەي تۇرۇپلا بىر - بىرىمىزنىڭ دوست ئىكەنلىكىمىزنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغانىدۇق.

يېزىدا ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. بىر چاغدا ياشانغان كىشى ئىسپانچە بىر نېمىلەرنى دېگەچ، گەمىنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان ساندۇقنىڭ قېشىغا باردى. بىز ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ساندۇقلارنى گەمە ئاغزىغا تىزىپ، ئىشىكنى ئېچەلمايدىغان قىلىۋېتىپ دوستلىرىمىزنىڭ بىزنى كېلىپ قۇتقۇزۇشىنى كۈتتۇق.

فاشىستلار ئاخىرى بىزنى ئېسىمگە ئالدى. ئۇلار گەمىنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچالمىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇلار گەمىنىڭ كىچىك دېرىزىسىدىن بىزگە بىر گرانات تاشلىدى. گرانات نېمىسنىڭ ئالدىغا چۈشتى، لېكىن دەرھال پارتلىمىدى. بۇنى كۆرگەن نېمىس ئۆزىنى گراناتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

— پارتلاپ كەتتىمۇ؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى ساشا.

— ھەئە، پارتلاپ كەتتى.

— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلدۇ؟

— ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى خالىمىدى. ئۇ بىزنىڭ ھايات قېلىپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. مېنىڭچە ئۇنىڭ فاشىستلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىدىن ئارتۇق ئىكەن. شۇ چاغدا ھېلىقى قېرى دېھقان ئاستاغىنە: «نوپاساران» ... دېگەنىدى.

پيوتر پېترووۋىچ جىمىپ قالدى. ساشا پيوتر پېترووۋىچقا قارىدى. ئۇنىڭغا پيوتر پېترووۋىچنىڭ قېشىدا گەمىدىكى ھېلىقى كىشىلەر پەيدا بولۇپ، ھايات تۇرغاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

مۇرات مەتنىياز تەرجىمىسى

① كامارادە - فرانسۇزچە يولداش دېگەن سۆز.



ئۇيۇشتۇرغان ئەسەر

# ئاددىي ئەمگەكچى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

جۇجياڭ      پولات ئابلىز تەرجىمىسى

دەبدەبىلىك، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغانلار قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا خىلۋەت بۇلۇڭلاردا غەزەرسىز تۆھپە ياراتقانلارنىمۇ قەھرىمان دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مانا ئۇلار ئىسمى-جىسمىغا لايىق قەھرىمانلار.

ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق بىر سورۇندا ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا بەكمۇ ھەيران قالدىم.

مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنىڭ كەينى قورۇسىدىكى تار يولدا ئۇ قولىدىن پەلەينى ئېلىۋېتىپ ماڭا ئۇزاتتى-يۇ، يەنە قايتۇرۇۋالدى. ئۇ قاپقارا بولۇپ كەتكەن قولىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خىجىل بولغاندەك ماڭا كۈلۈپ قويۇپ:

— كۆمۈر توشۇۋاتىمىز، بۇ كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى پار قازان ئۆيىگە يۆتكەپ ئورۇن بوشىتىۋاتىمىز. سەل تۇرۇپ يەنە بىر ماشىنا كۆمۈر كېلىدۇ، — دېدى. مەن قاراڭغۇ كۆمۈرخانىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تونىدەك كۆمۈر دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش باش-كۆزى كۆمۈر بىلەن بويالغان بىر يىگىت ھارۋىغا كۆمۈر قاچىلاۋاتاتتى. ھاشىم ئۇنى «بۇ يىگىت شوكۇر» بولىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى.

سائىتىمگە قارىسام ۋاقىت يەتتىدىن ئۆتۈپتۇ، بۈگۈن شەنبە كۈنى بولغاچقا كىشىلەر ئالدىراش ھالدا مۇنچا تەرەپكە كېتىشىۋاتاتتى. ھارۋىغا كۆمۈر قاچىلىنىپ بولغانىدى. ھاشىم ماڭا «سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ» دەپ ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ماڭا بىر كىچىك ئورۇندۇقنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئامال يوق، ئەچۈرىسىز، بىز كۆمۈر قاچىلىغاچ سۆزلەشسەك، — دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن. بۇ گەرچە مۇخبىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدىكى «ئەڭ ناچار» كۈتۈۋېلىش بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە بىر خىل يېقىملىق، سەممىيلىكنى ھېس قىلدىم. مانا مۇشۇنداق قىلىپ ھارۋىغا كۆمۈر قاچىلاش جەريانىدىكى ھەر قېتىملىق تۆت-بەش مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە كۆمۈر چاڭلىرى توزۇپ تۇرغان جايدا مەن بۇ ساددا كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتىم.

## بەختىيار تۇرمۇش ئەمگەك بىلەن كېلىدۇ

جەمئىيەتكە تونۇلغان بىر ئىلغار شەخسنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان بىر مۇنچە ئىش-ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللىرى بولىدۇ. يولداش ھاشىم 18 يېشىدىن 49 يېشىغىچە يىلمۇ يىل ئىلغار شەخس بولۇپ باھالىنىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرى توغرىسىدىكى ئاشۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىر ھەپتە ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق ھاشىم توغرىسىدا بىر نەچچە ئورۇننى زىيارەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلغار ئىش - ئىزلىرىغا ئائىت بىرەر بەت نەرسىمۇ كۆرمىدىم، لېكىن مەن بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنمىدىم. چۈنكى كۆز ئالدىمدىكى ھاشىمنىڭ جانلىق ئوبرازى ئۇنىڭ توغرىسىدا يېزىلغان ماتېرىياللارنىڭ نەقەدەر جانسىز، قۇرۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

1959 - يىلى ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ھاشىم مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلگەندە خۇشاللىقىدىن پۇت - قولى تەگمەي ئىشلەپ كەتتى. كىچىكىدىن تارتىپ جاپا ئىچىدە چوڭ بولغان بۇ بالا يېڭى تۇرمۇشنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەممىلا نەرسىگە سۆيۈنەتتى. ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئەمدىلا بىر يىل بولغاندا تەشكىل ئۇنى ۋاڭجياگو ماي تۇرۇبىسى ياتقۇزۇش بىرلەشمە جېڭىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. 30 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ھاشىم شۇ چاغلارنى ئەسلەپ:

— شۇ چاغدا ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلىگەندۇق، — دېدى. ئاشۇ بىر ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ھەر كۈنى خوراز چىللىغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تىنىمسىز ئىشلىگەن، ئويۇن - چاقچاق قىلىدىغان، بوشاڭلىق قىلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمىغان. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم سوتسىيالىزم ئۈچۈن ھەقىقىي تۈردە كۈچ چىقىرىشقا تىرىشاتتى. كەچقۇرۇنلۇقى سائەت 12 دىن بۇرۇن ھېچكىم چېدىرغا كىرمەيتتى. بىرلەشمە جەڭ ئاخىرلاشقاندا ئورۇۋقىنا كەلگەن بۇ بالا بىر دانە تەقدىرنامىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شۇ قېتىمقى بىرلەشمە جەڭ ھاشىمنىڭ ھايات سەپىرىدە چوڭقۇر ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. نەتىجىدە ئۇ بەختىيار تۇرمۇشنىڭ ئەمگەك ئارقىلىق كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ھاشىم ئۇن تاماقلىرى بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئۇستا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتكەن مەزىلىك تائاملىرى خېرىدارلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئەينى يىللاردا ئۇ كىچىك ئاشخانىدا خىزمەت قىلغان ۋاقىتلىرىدا ھەر كۈنى ئۆزى يالغۇزلا تۆت - بەش ماتا ئۇن ياكى گۈرۈچنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجى دەل ئۇنىڭ خىزمەت مىقدارى ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشنى ئەزەلدىن خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. مانا ھازىر 49 ياشقا كىرگەن ھاشىمنىڭ بۇ ئاشخانىدا خىزمەت قىلغىنىغا توپتوغرا 32 يىل بولدى. كىشىلىك ھاياتتا قانچە 32 يىل بار؟ مانا ھاشىم ئەڭ گۈزەل، ئەڭ پارلاق ۋاقىتلىرىنى غەرەزسىز ھالدا ئاددىي خىزمەت ئورنىدا خەلققە ئاتا قىلدى.

ئاشخانىنىڭ خىزمەت ۋاقتى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن چۈشتىن كېيىن تۆتكىچە ئىدى. ئۇ 32 يىلدىن بۇيان خىزمەتكە ھېچقاچان كېچىكىپ باقمىدى. سەھەردە كېلىپ تازىلىق قىلىپ دۇكان ئىچىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. خىزمەتتىن چۈشكەندە ئۇ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا خالتىسىنى سالاتتى. ئاشخانىدا ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا خىزمەت

تەقسىماتى بولۇپ، بەزىلەر كېچىكىپ قالسا، رۇخسەت سورىسا ئۇلار تەييارلايدىغان تاماق كەم بولۇپ قالاتتى-دە، نورمال خىزمەت تەرتىپىگە تەسىر يېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھاشىم ئۇلارنى چاقىرماي بېرىپ ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەيتتى. بىر ئىشلەنسىلا سائەت 12 گىچە ئارام ئالمايتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھاشىم باشقىلارنىڭ ئورنىدا قانچىلىك خىزمەت قىلدى، قانچىلىك دەم ئېلىش ۋاقتىنى قۇربان قىلدى؟ بۇ ھەقتە ھېچكىم ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. ئاشخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ماڭا ئۇزۇن يىلدىن بۇيان ھاشىم ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون نەچچە سائەت خىزمەت قىلىپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە بىر پۇڭمۇ قوشۇمچە پۇل تەلەپ قىلغان ئەمەس. ئون نەچچە سائەت ئىشلىمەكلىك ئاسان، ئەمما مۇشۇنداق ئىشلەشنى ئۇزۇن يىللار ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ھاشىمنىڭ خىزمىتى كۈن بويى تۈگىمەيدىغان ئۇن-گۈرۈچ ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەگەر سىز بېرىپ بىرەر سائەت تۇرىدىغان بولسىڭىز ئىچىڭىز پۇشۇپ، تولىمۇ مەنىسىز ھېس قىلىسىز. لېكىن ھاشىم 30 نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ قان-تەرى، قىزغىنلىقى ۋە بارلىقىنى ئاتا قىلدى. ئەگەر سىز ساناقسىز ئون نەچچە سائەتلەرنى جەملەپ كۆرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىڭىز، سىزدە قانداق خۇلاسە پەيدا بولاركىن؟ مانا بۇ بىر خىل كىشىلىك ھايات، يەنى ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان پارلاق كىشىلىك ھايات!

ھاشىم خېلىلا قاملاشقان ئادەم، بىر مېتىر سەكسەن سانتىمېترلىق بويى، قاڭشارلىق بۇرنى، بىر خىل سەمىمىيلىك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ غۇبارسىز پاك قەلبىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

چاغان مەزگىلىدە خەنزۇ يولداشلارنىڭ ۋاقتى جىددىيلىشىپ كېتەتتى، دۇكاننىڭ باشقا يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ بېرىش ھەققىدىكى توختاملىرىمۇ بارغانسېرى كۆپىيەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھاشىم ھەسسىلەپ خىزمەت قىلاتتى، ناۋادا ئۇ ئاغرىپ قالغۇدەك بولسا، ئاز-تولا دورا ئىچىپلا چىشىنى چىشلەپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇراتتى. دۇكاننىڭ پار قازىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشى كۆمۈردىن ئايرىلالمايدۇ. كۆمۈر چۈشۈرۈش دۇكاننىڭ ھەممىدىن ئېغىر، ھەممىدىن پاسكىنا ۋە جاپالىق خىزمەتلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ جايدا ھەر قېتىمقى كۆمۈر چۈشۈرۈشتە ھاشىمنىڭ يوغان گەۋدىسى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. دۇكاننىڭ يۇندا قۇدۇقى چوڭقۇر ھەم ئۇزۇن بولۇپ، توختىماي قۇيۇلۇپ تۇرغان يۇندا دەستىدىن پات-پات تولۇپ قالاتتى. شۇڭا بىر ئايدا ئاز دېگەندە بىر-ئىككى قېتىم تازىلاپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، تازىلانمىسا بۇنىڭ سېسىق پۇرىقى دۇكان مۇھىتىنى بۇلغايتتى، بۇ ئىش بەكمۇ پاسكىنا ۋە سېسىق بولغاچقا باشقىلارنىڭ قىلغۇسى كەلمەيتتى، سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلىنسا ھەر بىر قېتىمغا قىرىق-ئەللىك يۈەن پۇل كېتەتتى. شۇڭا بۇ ئىشنى يەنە ھاشىم ئۈستىگە ئېلىپ قۇدۇققا چۈشۈپ قولى بىلەن تازىلايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرسا باش قېيىپ كۆڭۈل ئېلىشاتتى. بىر قېتىم، ھاشىم پاسكىنا نەرسىلەرنى تازىلاپ بولۇپ ئۆزىنىڭ بولالمايۋاتقانلىقىنى

سېزىپ دوختۇرغا تەكشۈرتسە تېرە كېسەلى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ يېرىم ئايدىن كېيىنلا چىقىپ يەنىلا يۇندا قۇدۇقىغا چۈشۈپ تازىلاشنى داۋاملاشتۇردى. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر ناھايىتى تەسىرلەندى. ھازىر بۇ ئىش ھاشىمغا ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئاشخانىدا خېلى كۆپ خام قوي مېيى ئېشىپ قالاتتى. بۇنى ھەر كۈنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش زۆرۈر ئىدى. ھاشىم ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى قىلاتتى. بارا - بارا بۇ ئىشمۇ ھاشىمنىڭ خۇسۇسىيلىقىغا قالمىدى. ئاشخانىنىڭ تازىلىقى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ھەر كۈنى خىزمەتتىن بۇرۇن، خىزمەتتىن چۈشكەندە ئەمبەلدىكى قاچا - قۇچىلارنى بىر قۇردىن ئەستايىدىل يۇيۇپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ خىل ئىشلارنى ئېرىنمەي ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەيتتى. بۇ ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە تازا ماس كەلمەيتتى. لېكىن ھاشىم بۇ ئىشلارنى شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق ئىنچىكە، شۇنداق ئەستايىدىل قىلاتتى.

دۇكاننىڭ رەھبىرى ماڭا دۇكاندا ھاشىمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھېلىقى تار يولدا ھاشىمنى زىيارەت قىلىۋاتقىنىمدا بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خىزمەتچىلەر: «يولداش ھاشىم خەلقنىڭ ياۋاش كالىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ھاشىم جۇشى قالتىس ئادەم، ئۇ بىزگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ئاجايىپ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى، دېيىشتى.

## غەيرەتلىك ئەزىمەت ئانىسىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا يىغلىدى

ھاشىمنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ۋە كېسەلچان، يىل بويى كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدىغان ئانىسى بار. ئۇنىڭ ئۈچ بالىسى تېخى كىچىك بولۇپ، ئايالى سودا تارمىقىدا خىزمەت قىلاتتى. خىزمەت ئورنى يىراق بولغاچقا ئەتىگەن كېتىپ كەچتە قايتىپ كېلەتتى. ئۆي ئىچىگە كۆپىنچە ۋاقىتتا قارىيالمايتتى. شۇڭا بۇ ئائىلىنىڭ ئۈچ ۋاقلىق تامىقىنى، ئېتىش تەبىئىي ھالدا بۇ 3 - دەرىجىلىك ئۇستىنىڭ زىممىسىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىكىلەرنى يولغا سېلىپ قويۇپ چۈشلۈك تاماقنى تەييارلاپ قويىدۇ. چۈشتىن كېيىن ياشىنىپ قالغان ئانىسى قۇرۇق نانىنى غاجاپ ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. بالىلىرى ئادەت بويىچە ئىشىككە چىقىپ دادىسىنىڭ كونا ۋېلىسىپىت بىلەن كېلىدىغان يولىغا قارايتتى. ئانىسىنىڭ ئاغرىقى ئېغىرلاپ قالسا، ئۇ ئانىسىنى دوختۇرخانىغا يۆلەپ ئاپىرىپ كۆرسىتىپ بولۇپلا دۇكانغا ماڭاتتى. 20 يىلدىن بېرى ھاشىم ئۆزىنىڭ كىچىك ئېرادىسى بىلەن تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ ئېغىر مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى. 20 يىلدىن بۇيان ھاشىم ئانىسىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى، بالىلىرىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى ئۆزىنىڭ پارتىيە ئەزاسى، دۆلەت كادىرلىق مەسئۇلىيىتى بىلەن سىڭىشتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلغان، ئۆزىنى ئەيىبلىگەن چاغلىرىمۇ بولغانىدى. چۈنكى ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر ئىنسان، ئادەتتىكى ئاتا ئىدى! ئۇ قەيسەرلىك بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ بەخت، خۇشاللىق ئەكىلىش ئىشەنچىسى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بارلىقىنى باشقىلارغا تەقدىم

قىلىشقا بەل باغلىدى.

1987 - يىلى ئۇنىڭ ئانىسى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى، ئانا ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ھەر قانداق ئىشتا ئوغلىدىن ئاغرىنمىدى، پەقەت كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا ئوغلىنىڭ قولىنى يېنىكلا سىلىدى. ئۇ ئوغلىنى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى بىلەتتى، يولدىشىنىڭ ئۆمۈر بويى قەيسەر ئىشچى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ ئوغلىنىڭ بىر باتۇر يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

قەيسەر ھاشىم ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ: «ئانا، مېنى كەچۈرگىن، مەن ساڭا ۋاپادارلىق يەتكۈزەلمىدىم...» دەپ نىدا قىلدى.

بىر ئىشچى ماڭا:

— دۆكىنىمىزدا بىر كۈنى بىر ئىشچى ئوتتا يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندا، ھەممە ئادەم ئىشتىن چۈشۈپ بولغانىدى. ھېلىقى كېسەلگە ئادەم ئاجرىتىپ قارىشقا توغرا كېلەتتى، ھاشىم ئىككىلەنمەي دوختۇرخانىغا بېرىپ كېچىچە كېسەلگە قارىدى. ئەتىسى سەھەردە باشقىلار كېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلىمەكچى بولغاندا، ئۇ يەنە ۋېلىسىپىت بىلەن خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئىش كىيىمىنى كىيىپ، ئوخشاشلا بىر ئېغىزمۇ زىيادە گەپ - سۆز قىلماي خىزمەتكە چۈشتى، — دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ قەلبى نېمىدېگەن پاك، نېمىدېگەن ئالىيجاناب ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈيۈمچانلىق يوشۇرۇنغان قەلب - ھە!

بەزى كىشىلەر لېيفېڭ روھى بولسا قۇرۇق گەپ، جياۋيۈلۇ بولسا ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن، دەيدۇ. بىراق مەن ھاشىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۇرمۇشتا مىليونلىغان ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان نۇرغۇنلىغان ھايات لېيفېڭلارنىڭ بارلىقىنى، جياۋيۈلۇ روھىنىڭ مەڭگۈ ھايات ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، مۇشۇنداق بولغانلىقتىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىمىز تارىخى قىيىن ئۆتكەلنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، باھاردەك ئىللىق دەۋرگە قەدەم قويدى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ كۈنسايىن يېڭىلىنىپ، بەخت تامان ئىلگىرىلىمەكتە.

ھاشىم 1986 - يىلى دۆكان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاشىم قەلبىگە بىريۈز كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى پۈكتى. پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېنسىيىگە چىقسا ئۇ تەشكىلگە ۋەكالىتەن دەم ئېلىش كۈنلىرى بېرىپ يوقلىدى. پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېسەل بولۇپ قالسا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بېرىپ، تەشكىلنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى. ئاشخانىنىڭ خىزمىتى بەكمۇ ئالدىراش بولغاچقا، بىرەر قېتىم كوللېكتىپ پائالىيەت قىلماق تولىمۇ تەس ئىدى. ھاشىم ياخشى كىنولارنى تاللاپ، مۇۋاپىق پەيتلەردىن پايدىلىنىپ يولداشلارنى كىنو كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ئارام ئالدۇراتتى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۇ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە

كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ ئازراق بولسىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەتتى. سوغۇق چۈشكەندە قىشلىق كۆمۈر ۋە ھەر خىل سەيلەرنى يۆتكەيتتى. ھاۋا ئىسسىسا مېۋە-چېۋە، قوغۇن-تاۋۇز يۆتكەشتە ئۆزى يالغۇز تەرەپ-تەرەپكە چاپاتتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆلۈم-يېتىم، توي-نەزىر ۋە باشقا ئىشلىرىغا ئىزچىل تۇردە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىل سەۋىيىسى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەشكىلىنىڭ غەمخورلۇقىنى، پارتىيىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھەر بىر كىشىگە يەتكۈزەتتى. ئويلاپ كۆرۈڭلار، يەنە قانداق خىزمەت ئۇسۇلى ھاشىمنىڭ ئەمەلىي خىزمەت ئىستىلىدىن يۇقىرى تۇرالايدۇ. يەنە قانداق ئىش كىشىنى مۇنداق قايىل قىلالايدۇ.

مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى ئۈرۈمچىدىكى بەش تارماق مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلەر دۇكىنى بىلەن كونا ئاشخانا بولۇپ، ئالتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان يۈز نەچچە ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ۋە ياش خىزمەتچىلەر كۆپ قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. رايونىمىزدا مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى، ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا مۇناسىپ ھالدا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھاشىم ئۇنى ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن، شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ مىللىي يولداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بەردى، يولداشلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىدىغان بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆزدە بولمىدى. مىللىي ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. يولداشلار ئارىسىدا زىددىيەت بولۇپ قالسا، ئۇ ئالدى بىلەن مىللىي يولداشلارنى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلدى. كۆپچىلىككە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى، ئورتاق مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ھىمايە قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىتتىپاقلىققا قارشى [بىخلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئازراقمۇ يول قويمىدى. مەيلى چوڭ-كىچىك يىغىن ياكى ئادەتتىكى خىزمەت بولسۇن، كۆپچىلىكنى ھەر ۋاقىت ئىتتىپاقلىققا دىققەت قىلىشنى، ئۆز ئارا چۈشىنىشنى، ئۆز ئارا قوللاشنى، بىرلىكتە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلەپ كەلدى. 1989-يىلى باھار بىلەن يازنىڭ ئارىلىقىدا خەلق مەيدانىدا «19-ماي ۋەقەسى» سادىر بولغان چاغدا، مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى خەلق مەيدانىغا ئەڭ يېقىن، يەنە كېلىپ مىللىي ياشلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىراق بىرەر كىشى بۇ مالىمانچىلىققا قاتناشمىدى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي-كەيپىياتى مۇقىم بولۇپ، خىزمەتكە پەقەت تەسىر يەتكۈزمىدى. ھاشىم دۇكان رەھبەرلىرى بىلەن رازى بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار ئۆز خىزمەتچىلىرىنى چۈشىنەتتى، بۇلار تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

ھاشىم ھېچ ئويلانمايلا:

— كومپارتىيە ئەزاسى بىلەن رەھبەرلەرنىڭ ئادەتتە قىلىدىغان ئىشى باشلامچىلىق بىلەن رول ئويناش، شۇڭا ئۆزىگە قويغان تەلەپنى بوشاشتۇرماسلىق كېرەك، — دېدى. مانا بۇ ھاشىمنىڭ 30 يىل مابەينىدە يەكۈنلىگەن ۋە ئۆزى ئەمەلىي قىلىپ كېلىۋاتقان ئەقىدىسى.

## پارتىيە ئەزالىرى پەقەت ئاغزىدىلا سۆزلەپ بولمايدۇ

ھاشىمنىڭ نوتۇق قابىلىيىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ئۇ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا دائىم ئۇنىڭغا دەيدىغان بىر ئېغىز سۆزنى يەنى: «پەقەتلا سۆزلەپ، ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغانلار ياخشى ئەر ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئېسىدە ناھايىتى چىڭ ساقلىغانىدى.

مەن ئۇنىڭدىن ئويلىغانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنگىنىمدە ئۇ:

— مەندە سۆزلىگۈدەك ئىشنىڭ تايىنى يوق، ئەمدى سىز تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىڭىز، بوپتۇ، ئويلىغانلىرىمنى دەي، قالايمىقان تۈزىتىش بېرەرسىز، مەن بولسام بىر ھۈنەرۋەن ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن شاگىرت ئىشچى. پارتىيە مېنى بىر كادىر، 3-دەرىجىلىك ئالاھىدە ئاشپەز، بىر پارتىيە ئەزاسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. ھازىر دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بارماقتا، دۆلىتىمىزدە قىيىنچىلىقلار بار، كارخانا ئىسلاھاتىدىمۇ قىيىنچىلىق بولىدۇ. مۇنداق چاغدا، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ باشلامچىلىق رولىنى ئويناش مەجبۇرىيىتى بار. پەقەت سۆزلەپلا قويۇپ، ياخشى ئىشلىمىسە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك پەقەت ئۆزىلا ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلىمىسىمۇ بولمايدۇ. مېنىڭ ئەقىدەم مۇشۇ، — دېدى.

ھاشىم — ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاشخانا ئۇنىڭغا يۇقىرى قەۋەتتىكى ئىشخانىدا ئىش ئۈستەلى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. لېكىن ئۇ چاي ئىچىپ، گېزىت كۆرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە پەقەت ماسلىشالمىدى. ئۇنىڭغا ئىش ئۈستەلى ئالدىدا بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرۇش پۇرسىتىمۇ ناھايىتى ئاز بولاتتى. ئۇ باشتىن - ئاخىر ئويۇشمىنىڭ رەئىسى جەزمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا بولۇشى لازىم دەپ بىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ھېلىقى ئاتاقتىكى ئىش ئۈستەلى ئاخىرى يىغىشتۇرۇۋېتىلدى. ئۇ ئەگەر شىركەتكە يىغىنغا بارسا يىغىن تۈگىگەن ھامان ئاشخانىغا قايتىپ كېلىپ ئىش كىيىمىنى كىيىۋالىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنى مۇشۇ جايدىلا ياش ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئاشخانا — ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا — ئىشى تۈگىمەيدىغان، ۋاقىت توشمايدىغان جاي. بۇ جايدا ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھورۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. ھاشىم ھەمىشە ئاشخانا مۇدىرى بىلەن بىللە بىر ياقتىن ئىنتىزامنى تەكىتلەپ، بىر ياقتىن ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، دائىم كېچىكىدىغان ۋە بالدۇر كېتىپ قالىدىغان يولداشلارغا دەل ۋاقتىدا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭغا يوقلىما قىلىش تاپشۇرۇلسا، قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماي، كېچىككەن، بالدۇر كەتكەن ياكى ئىش تاشلىغانلارنى بىرمۇ - بىر خاتىرىلەيدۇ. كىم خىزمەتكە كېچىكىپ كېلىپ ياكى كېلەلمەي قالسا، ھاشىم ئۆزلۈكىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ ئىشلەيدۇ، كېيىن ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىدۇ. ھېلىقى شۆكۈر دېگەن يىگىت كىچىكىدىنلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بولۇپ، تۇرمۇشتا تەرتىپسىزرەك ئىدى. ئۇ بەزىدە ھاراق ئىچىپ خىزمەتكە

تەسىر يەتكۈزەتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشتىن قاچاتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ھاشىم كۆڭلىدە بۇنداق ياشلارنى ئىتتىرىۋەتمەي تارتىۋېلىش كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن دائىم سۆھبەتلەشتى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— سەن ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرىپ قالدىڭ، ھاراققا بەك بېرىلمە، ياخشى خىزمەت قىلىپ پۇل يىغىپ ئۆيلىنىۋالغىن، — دەپ تەربىيە بەردى. ئاندىن ئۇنى كەينىگە سېلىپ بىللە خىزمەت قىلدى. دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇ شۈكۈر بىلەن بىللە پاسكىنا، ئېغىر ئىشلارنى قىلدى ھەمدە ئىككىسى قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شۈكۈرنىڭ نامىغا يېزىپ ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن رىغبەتلەندۈردى. ھازىر ھەممە ئادەم: «شۈكۈر ئۆزگەردى، ئۇ كىچىك ھاشىمغا ئوخشايدۇ» دېيىشىدىغان بولدى. ھاشىم دائىم: «كارخانا ياشلارنىڭ، ئالدى بىلەن ياشلارنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك، ھېچكىم ئۆمۈر بويى ئىشلىيەلمەيدۇ، ياشلار بىرىدىن ياشانغانلارنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ياشلار غايىلىك، ئۈمىدۋار بولسا بىزمۇ خاتىرجەم بولىمىز» دەيدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھاشىم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ تىلىنى ئىشىتكەن، تايىقىنى يېگەن. شۇڭا ھاشىم ئۆزىنىڭ رىماتىزم، يۈرەك كېسىلىگە قارىماي، ياشلار بىلەن بىللە جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئىشلىمەكتە.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى بۇ دۇكاننىڭ تىجارەت پىلانى ۋە پايدا پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن سىستېما بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ قالدى. ھاشىم بولسا ھەر يىلى ئاساسىي قاتلامدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالى-نىشتىن سىرت، يەنە ئىككىنچى سودا ئىدارىسى، شەھەر بويىچە مۇنەۋۋەر ئەمگەكچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى ۋە سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىسى قاتار-لىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

زىيارىتىم ئاخىرلىشىپ قالدى، مەن ھاشىمنىڭ ساددا قىياپىتىگە قاراپ ئۆزۈم ئىگىلىگەن ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ بەكمۇ تەسىرلەندىم. ھاشىم پەقەتلا مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئادەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ بىرى. چېگرا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نامىنى چىقارماي ئۆزىنى بېغىشلىغان مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئەمگەكچى-لەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرى يوق ھەمدە ئارتۇقچە بىرەر جۈملە سۆزىمۇ يوق، ئۇ پەقەتلا بىر ئاددىي پارتىيە ئەزاسى، ئۇنىڭ بىر ئاددىي ئەمگەكچىنىڭ شەخسىيەتسىزلىك بىلەن تەقدىم قىلىش ھېبگى ۋە ئەمەلىي ئىشلەش روھى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان قەدەممۇ - قەدەم ماڭغان ئىزى بار. مانا مۇشۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ چاقىرىقى، دۆلىتىمىزنىڭ ئېھتىياجى، مەن ئويلايمەن، مانا مۇشۇنداق ئاددىي نەرسىلەر ئالتۇنغا ئوخشاش كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراق نۇرىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ!

# بىر ئۆمۈر كۈيلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ

ھ. دىستەمىن بارى

يەتمىش يىل ئەمەس ئانچە قىسقا ۋاقىت،
بىر ئەرنىڭ ئۆمرىگە تەڭ ھېسابلىنىسا.
كۈن، ئايلار ئەستىن چىقماس ئۇزۇن تارىخ،
تەرىپى تۈگىمەيدۇ ئۇنى يازسا.

يەتمىش قىش، يەتمىش باھار شۇ يىللارغا،
ئىز سالغان مەڭگۈ ئۆچمەس نەقىش قىلىپ.
ۋەتەننىڭ يېڭى تارىخ سەھىپىسى،
باشلانغان بىر مۇقەددەس بەت ئېچىلىپ.

زۇلمەتلىك تۈن قوينىنى يېرىپ ئۇپۇق،
شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل قۇياش.
ئويغىتىپ ئەلنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن،
ئېزىلگەن مەزلۇملارغا بولغان ئۇ باش.

ئەسىرلەپ بېسىپ كەلگەن قاباھەتلىك،
ئۈچ چوڭ تاغ خەلقىمىزنىڭ يەلكىسىدىن.
يوقسۇزلۇق، ئېغىر زۇلۇم جانغا پاتقاچ،
ئۈمىدسىز ئۈزگەن خەلق كەلگۈسىدىن.

نىجاتچى كومپارتىيە بولۇپ يۆلەك،
يول باشلاپ ئەلنى ئالغا يېتەكلىدى.
ئۇزۇن يىل جاننى تىكىپ كۈرەش قىلىپ،
رەھىمسىز ئۈچ چوڭ تاغنى پەچ قىلدى.

خەلقىنىڭ ئازادلىقى، بەختى ئۈچۈن،
تۆكۈلدى كۈرەشلەردە ئۇنىڭ قېنى.
بەش يۇلتۇز قىزىل بايراق قىلىپ جەۋلان،
ئەركىنلىك، ئازادلىقنىڭ ئاتقان تېڭى.

زۇلۇمغا، ئاسارەتكە ئۇرۇپ پالتا،
يول ئاچتى داغدام، پارلاق ئۇلۇغ ئىشقا.
كۆكلىدى يېڭىباشتىن قاقشال دەرەخ،
يۈزلەندى ئانا ۋەتەن بۇرۇلۇشقا.

شەرقتە قەد كۆتۈرگەچ يېڭى جۇڭگو،
ھەيران - ھەس بولدى قاراپ پۈتۈن دۇنيا.
مىڭ يىللىق قېلىن مۇزلار تۈگەل ئېرىپ،
ئۆركەشلەپ ئاقتى ئۇرغۇپ كۆر مىڭ دەريا.

قانچىلاپ تاغ - داۋاننى بېسىپ ئۆتتى،
ئۇلغايدى، قۇدرەت تاپتى كۈرەش بىلەن.
دۇچ كەلگەن بولسىمۇ كۆپ توسالغۇلار،
تىز پۈكمەي يەڭدى ئۇنى شىددەت بىلەن.

قان تۆكۈپ قۇربان بېرىپ بۈگۈن ئۈچۈن،
ئەتىنىڭ مول ئاساسىن سالدى مەھكەم.
يورۇتقاچ قۇياش نۇرى ھەممە يەرنى،
يۈزلىنىپ شاد بەختكە كۈلدى ئۆلكەم.

بولمىسا كومپارتىيە بولاتتىمۇ،
بۈگۈنكى باياشات بۇ كۈنلىرىمىز.
بىر ئۆمۈر كۈيلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ،
پارتىيە شەپقىتىنى كۈيلەيمىز.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇسەمەت خېلىل

## پارتىيە شەنىگە

ئېخ، پارتىيەم تۈمەن دىللاردىن،
ياڭرار ساڭا مەدھىيە، قوشاق.
چۈنكى ھەر دىل قەسىردە سەن،
يېنىپ تۇرغان بىر ئۆچمەس چىراغ.

چەكسىز مېھرى - شەپقىتىڭ بىرلە،
كۆڭلىمىزنى قىلدىڭ شادىمان.
ئۆمرىمىزنى ياشناتتى گۈلدەك،
سەن ياراتقان بەختىيار زامان.

قايناق چېلىش - كۈرەش ئىچىدە،
چېچەكلەتتىڭ ئېسىل خىسلەتنى.
ئادىللىقىڭ دانالىقىڭدىن،
تاپتۇق يېڭىش — شانۇ - شۆھرەتنى.

سېنىڭ پارلاق تۇغۇڭ ئاستىدا،
بولدۇق ھەممە بىر جان ۋە بىر تەن.
كۈرەش قىلدۇق ئەگىشىپ ساڭا،
مۆجىزىگە تولدى ھۆر ۋەتەن.

بەخش ئەتتىڭ شانلىق پارتىيەم،
ئەلگە گۈزەل بەخت - سائادەت.
ئېغىشماستىن ماڭىمىز شۇڭا،
سەن باشلىغان يولدا تائەبەت.

## قىزىل بايراق

قىزىل رەڭنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن،
شۇ رەڭ بىلەن بايرىقىمىز بويالغان.
رەڭ دېگىنىم — ئەجدادلارنىڭ قېنى ئۇ،
ھەر بىر دىلغا نەقىش بولۇپ ئويۇلغان.

قىزىل بايراق قىلدى جەۋلان ۋەتەندە،
ئاچتى بىزگە ھۆر كېلەچەك قۇچاقنى.
ئايلانمىسۇن دېسەك چۆلگە گۈلشەننى،
ئاسرايلى بىز مەڭگۈ قىزىل بايراقنى.

# ئىككى ناخشا

مۇھەممەت نىيازى

## گۈلدەك ئۆتەر ئۆمرىمىز

گۈلنىڭ ھۆسنى چېچەكتە،
كۆڭۈل ياشنار تىلەكتە.
پارتىيىگە مۇھەببەت،
ئاڭا سادىق يۈرەكتە.

ياراتتىڭ سەن ھۆر ماكان،
ئەلگە بولۇپ پاسىبان.
تېپىلماس بۇ ئالەمدە،
بىزگە سەندەك قەدىردان.

ساڭا قايناق سۆيگۈمىز،
مەدھىيىمىز، كۈيىمىز.
ئانا ۋەتەن قوينىدا،
گۈلدەك ئۆتەر ئۆمرىمىز.

## پاسىبانىم پارتىيەم

پاسىبانىم پارتىيەم،
شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ.
تەندە يۈكسەك مادارىم،
ھاياتىم - شامىم مېنىڭ.

تەربىيلىدىڭ گۈل قىلدىڭ،
ئىقبالىمنى ھۆر قىلدىڭ.
مۇرادىم ھاسىل بۈگۈن،
سەن بەخت كانىم مېنىڭ.

سەن سۆيۈملۈك مەن ئۈچۈن،
قەلبىم ئاتەش سەن ئۈچۈن.
تەقدىم ساڭا بىر ئۆمۈر،
بۇ ئەزىز جانىم مېنىڭ.

# سۆيۈملۈك پارتىيە قىبلىگاھىمسەن

**ھەبىبۇللا ئوسمان**

تىلغا ئالسام شۇ مۇبارەك پارتىيە نامىڭنى مەن،
ئىپتىخارىم تەنگە سىغماس. شەۋكىتىڭ، شانىڭنى مەن.

سەن ئۈچۈن چەكسىز ئەقىدەم، بىغۇبار مېھرىم تىرەن،
سەن ياراتقاچ نۇرى - نۇسرەت، باغۇ - بوستان، گۈلچىمەن.

سەن بەخت - ھۆرلۈك ئۈچۈن جانىدىن كېچىپ قىلغاچقا جەڭ،
نى باھادىر، ئارسلانلار ئەرك ئۈچۈن ئاتلاندى تەڭ.

ئىڭرىغان جانلار قۇتۇلدى دەرد - زۇلۇم زىندانىدىن،
قاندى تەشنالىقى تاڭغا نەۋ باھار گۈلباغىدىن.

بارچە مىللەت ئەجرى بىرگە نۇر بېرىپ تەڭ ھۆسنىگە،
چەكتى رەڭدار كەشتە گۈللەر ئانا جۇڭخۇا كۆكسىگە.

نى بورانلىق يىلى بىلەن تەڭ پۈتتى تارىخ، قىسمىتىڭ،
بارچە مىللەت قەلبىدىن ئالدى ئورۇن پاك خىسلىتىڭ.

خۇددى ئاي، چولپان كەبى غەپلەتنى ئويغاتقاچ نۇرۇڭ،
سەن جاھاننىڭ كۆز نىشانى، تولغاچ پاسائەتكە يولۇڭ.

تەڭرىتاغ چۈشتى ئۇسسۇلغا ياڭرىتىپ تەڭ مەدھىيە،
تىنچ، مۇقىملىق، ھۆر، ئىناقلىق بايرىمىڭغا تەنتەنە.

ئەي ئۇلۇغ، شانلىق قۇياشىم مەڭگۈ خاس ھۆرمەت ساڭا،
مىڭ تۈمەن خىسلەتكە تولغان تارىخىڭ ھېكمەت ماڭا.

سېنى قۇتلاپ نەزمە تىزدى كۆيچى ئوغلۇڭ ھەبىبۇل،
خەلقىمىز تەشەككۈرى ئۇ، پارتىيەم قىلغىن قوبۇل.

# ئۆزۈمگە خىتاب

## زۇنۇن رېھىم

ساداقەت بېغىدا ئاچسۇن لالە - گۈل،
دېسەڭسەن، بىلگىنىڭكى بىخلارنى تاللا.
پارتىيەم ئۈمىدچۈن بولۇپ بىنجانىدىل،
ۋە ناچار شۇڭلارنى باغۋەندەك شاللا.

چېچەكلەر ئاچقۇسى بىخ سۇرۇپ شۇ چاغ،
دىل بېغىڭ كۈلىدۇ، ئىپار ھىدىغا.
بولمامدۇ ئەجرىڭدىن چېچەكزارلىق باغ،
تەر تۆكۈپ يەتكۈزسەڭ ئۇنى ۋايىغا.

گۈل ئۈنسە بولىدۇ تاجى بېغىڭغا.
ۋە لېكىن تىكەندىن چىن ئەيلە ھەزەر.
ئۇ نابۇت قىلىدۇ، بېغىڭدىن جۇدا،
ئۇ قىلماس كىملەرنى، سېنىڭدىن بىزار.

چوكانلار نورۇزلۇق گۈلنى قىسقاندەك،
پاكلىق ۋە دىيانەت، قاياشى بىل ئۇ.
ئۇ سېنى كۆتۈرەر ھۆرمەت تەختىگە،
ۋە بەختى - پېشانەڭ تاجىسى بىل ئۇ.

كەلسەڭمۇ زەمبىرەك ئوقىغا گەر دۇچ،
دەپ ھەرئان ئۆزۈمگە قىلىمەن خىتاب:
ھەق يولغا بېغىشلا ئۆزۈڭنى ئاتاپ،
ئەگرى يولدىن ساقلان، يۈرمە تېڭىرقاپ.

بىلىمەن بۇ يولنىڭ مۈشكۈللۈكىنى،
مۈشكۈلدىن قورقمىغان يېتەر ئەھدىگە.
قىلسام گەر مىزانىم، پاك دىيانەتنى،
نە يەتمەي پارتىيەم دېگەن مۇرادقا.

# پارتىيە ئاتام

## ھەسەن تىلىۋالدى

ئەسىرلەردىن ئاتا - بوۋام كۆرمىگەن،
سائادەتلىك ھۆر تۇرمۇشنى كۆردۇق بىز.
بۇلبۇللارمۇ خەندان ئۇرۇپ سايرىدى،
ياشارغاچقا غازاڭ بولغان بېغىمىز.
سەن بولغاچقا بەختىمىزنىڭ باغۋىنى،
ئەي ئۇلۇغۋار پارتىيىمىز - ئاتىمىز.

تەرىپلىسەك سېنى ناخشا - ساز بىلەن،
تالماس بىزنىڭ ئاۋازىمىز - تىلىمىز.
ياشا ئۇلۇغ كومپارتىيە دېگەندە،
سۆيۈنىدۇ ۋۇجۇدىمىز - دىلىمىز.
مېھرىڭ بىلەن ياشنىماقتا ۋەتىنىم،
ساڭا مەنسۇپ شۆھرىتىمىز - شانىمىز.

سەن باش بولغاچ روناق تېپىپ ئىسلاھات،
قۇدرەت بىلەن يۈكسەلمەكتە ئېلىمىز.
بىز يېڭىلمەس كۈچ - قۇدرەتكە ئىگىمىز،
تاغنى تالقان چۆلنى بوستان قىلىمىز.
ئىناقلىقنىڭ قۇچىقىدا ئۆتمەكتە،
مەزمۇن تېپىپ بىزنىڭ ھەر بىر يىلىمىز.
غالىب قىزىل بايراقدارسەن يېڭىلمەس،
شۇڭا سېنى جاندىن ئەزىز بىلىمىز.
ياشنىغاچقا پەن - مەرىپەت گۈلشىنى،
ھېكمەت بىلەن ئوزۇقلاندى دىلىمىز.
جاپا - مۈشكۈل قورغىنىنى ئېگىلەپ،
توسقۇنلارنىڭ يۈرىكىنى تىلىمىز.

تارىم سۈيى كېچە - كۈندۈز ئاققاندەك،
ئاقار ساڭا بىزنىڭ چەكسىز مېھرىمىز.
ئاپتاپپەرەس ھامان كۈنگە باققاندەك،
باقار ساڭا ۋۇجۇدىمىز - دىلىمىز.
بىز سادىقمىز ساڭا مەڭگۈ پارتىيەم،
ئەگىشىمىز بىز ھەر مىللەت ساڭا بىز.

# مېھرى بۇلاق پارتىيە

### غوپۇر ئەۋرا

ھەر ھاياتنى بۇلاق سۈيى ياشنىتىپ،
ئەلگە ئابى ھايات كەبى ئاقىدۇ.
بۇلاق - دەريا - دېڭىزلارنىڭ ئانىسى،
كۈلۈپ ئوماق شۇ بۇلاققا باقىدۇ.

سۇسىزلىقتىن سولغان ھايات ۋە لېكىن،
بۇلاق بىلەن ياشنار ئەبەد گۈل ئېكىن.

قايسى گۈل، قايسى دەرەخ، قايسى گىياھ،
شۇ بۇلاقسىز ھايات سۈرەلەيدىكەن؟

پارتىيەمىز مېھرى - شەپقەت بۇلىقى،
تەشنالىقنى مەڭگۈلۈككە كەتكۈزدى.
پاراسەتلىك باتۇر - ئىشچان خەلقىنىڭ،
ئارزۇ قىلغان ۋىسالىغا يەتكۈزدى.

# بولغاچ ئۇلۇغ پارتىيە

### تۇراپ دايىم

كەلمەكتىمەن بېيگىدە،
داۋان ئېشىپ پىيادە.
كۆپ ئىشلاردا شان قۇچتۇم،
بارچە ئەلدىن زىيادە.
بولغاچ ماڭا مەدەتكار،
شان - شەرەپلىك پارتىيە.
ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ،
تاغ - داۋاندىن يول ئېچىپ.
سېنى شانلىق ئۈلگە قىپ،
باشقىلارغا يول ئېچىپ.
ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا،
يەتمەكتىمەن يېلىگە.
بولغاچ دانا پارتىيە،
ئەلگە بولدۇم خىزمەتكار.
بىمارلارغا نىجاتكار،
بولدۇم ئاخىر ئىجادكار.

بولغاچ ئۇلۇغ پارتىيە،
ئارمانلىرىم چېچەكلەپ،
مېۋە بەردى ھەسسىلەپ،
بەختىم چاچتى خۇشپۇراق،
قىزىلگۈلدەك پورەكلەپ.
پارتىيەنىڭ بايرىقى،
تۇرغاچ ھامان لەپىلدەپ.
كۈندۈز ھەتتا كېچىدە،
ۋەتىنىمنىڭ كۆكسىدە.
يېڭى پىلان كۈچ بەردى،
ئارمانلىرىم يۈكسەلدى،
قەدەملىرىم يۈتكەلدى،
بولغاچ توغرا پارتىيە،
ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە.
كۈتتۈۋالدىم مەن يەنە،
يېڭى كەلگەن ئون يىلنى،

ئۇ ئاجايىپ مۆجىزە،
قىلىدىم خۇشال تەنتەنە.
بولغاچ ماڭا يول باشچى،
پاراسەتلىك پارتىيە.
ئىرادەمنى تاۋلىدىم،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم.
تۈنجى قەدەم تاشلىدىم،
(بوسۇغىدىن ئاتلىدىم)
دوستلار بىلەن ئىناق بوپ.
ئىلگىرىلەيمەن شان قۇچۇپ،
بولغاچ ماڭا يار - يۆلەك.
پاسىبانىم پارتىيە،
كۈچ مادارىم پارتىيە.

# كومپارتىيە باش پاناھ

## ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى

قېنى كىمنىڭ بىز كەبى ھۆر جەننەتۇل رىزاۋانى بار؟
بىزئازار ياشناشقا بىزدەك كەڭتاشا ئىمكانى بار؟

قەدرىنى تاپقان ھاياتلىق ئارزۇلار ئاچقان چېچەك،
ئۆكسىمەس شادلىق ناۋاسى بەختىيار بوستانى بار؟

مەرىپەت گۈللەپ، ئېتىپ قۇت، نۇر تۆكۈپ ئىقبال ئۈچۈن،
كەشپىيات چولپانى كۆلگەن بىغۇبار ئاسمانى بار؟

يۈكسىلىپ يۈكسەك نىشانغا كۈنسېرى تاپقان روناق،
بىر نىيەت - مەقسەتتە پۈتكەن تەۋرىمەس قورغانى بار؟

جان پىدا ئەيلەپ ۋەتەنگە تەر تۆكۈپ ئەۋلاد ئۈچۈن،
تۇغرۇلۇپ ئۆسكەن دىيارغا سۆيگۈسى فونتانى بار؟

كۈچ ئېلىپ ئۈملۈك - ئىناقلىق ۋەسلىدىن تاپقان كامال،
يورۇتۇپ تۇرغان ھاياتنى مەڭگۈلۈك گۈلخانى بار؟

قوينى كەڭ ئۇشبۇ جاھاندا بىز كەبى كىمنىڭ قېنى،
ئەل ئۈچۈن كومپارتىيەدەك باشپاناھ سۇلتانى بار؟

# قولۇمدا ئەقىدەڭ تۇتقۇزغان بايراق

### مۇسا ئەھەت

بارمىگىن سۆيگۈمىنىڭ بىر ساگا چىكى،
بۇ قۇتلۇق مەرىكەڭ، قۇتلۇق تويۇڭدا.
تەلمۈرۈپ يىراقتىن كەلدىم، ئاچ قۇچاق!
نۇرلانسۇن تاڭ كەبى روھىمنىڭ كۆكى.
دەشتىدە چاقىغان سەيياھ كۆزىگە،
ئالۋۇنلار كۆرۈنگەن كەبى زەر بۇلاق.
سەھرايى كەبىردەك چاقاق ھېسلىرىم.
باشلاپ بار دەريا ھەم زۇمرەت كۆلىڭگە!
سەن مىنى ئۆستۈردۈڭ، قىلدىڭ ئۇچۇرۇم،
پۈتتۈڭ ھەم گاڭ قانات سۇمرۇغلارسۈپەت.
پۈكۈلمەس تاغلارنى كۆتۈرسە يەلكەم،
سەن بەرگەچ جىسمىمگە مىڭ پاتمان قۇدرەت.
سەن بەرگەن ھاياتچۈن خورىماس سۆيگۈ،
ئېتىقاد، ساپ ۋىجدان، ئىشەنچ — ئىرادە،
ياشايمەن ھەر جايدا ئارچىدەك بەردەم.
بولغاندەك باھارنىڭ يامغۇر جۇدۇنى،
يىللارنىڭ ساناقسىز ئۆتكەل دوقمۇشى.
ئاز ئەمەس يەتمىش قىش، يەتمىش باھار-ياز،
ۋە ئۇنىڭ كۈۋەجەپ تۇرغان تاشقىنى.

ئاز ئەمەس سەن بىسىپ ئۆتكەن مۇساپە،
ھەم ئۇندا سەن تارتقان دۇشۋار - تالاپەت.
ۋەلېكىن قەد كېرىپ تۇردۇڭ زەپەردەس،
ھۆۋلاپ جۇد - بورانلار سوقسىمۇ دەھشەت.
ئۆتكۈزۈپ بېشىڭدىن قانچە دەۋرنى،
بۇ مۇشكۇل، بۇ ئۇزۇن ھايات يولىدا.
ئۆگەتتىڭ ئىنسانىي ياشاش يولىنى،
ئاداشساق يوللاردا بولدۇڭ بىر ماياك.
چاقىساق چۆللەردە بەردىڭ ھەم شەربەت،
چىقساقمۇ زىمىندىن ھەتتا قۇياشقا،
ۋە ياكى سېنىڭدىن ئۆزگە بىر يۇرتقا،
ئۆگىدى سەن بەرگەن ئۇتلۇق مۇھەببەت!
كۈيچىمەن، بىر ساگا تالىق كۈيۈمدە،
سۆزلىنەر كەچمىشىڭ، ئەتەڭ قىسسىسى.
كۈيۈم بار قار كەتمەس چوققىلىرىڭدا،
كۈيۈم بار توپىلىق سەھرالىرىڭدا.
كۈيۈم بار تاغ - ئېدىر زىلال سۈيۈڭدە،
كۈيچىگەن ئېگىمدا تاڭىنىڭ جىلۋىسى.

# پارتىيە مېھرى

### خۇرشىدە ئابلىمىت

شەرقتىن ھەر سەھەر ئۆرلىسە قۇياش،
قەلبىمدە قوزغىلار قايناق ھاياجان.
قۇياشتۇر گوياكى شانلىق پارتىيە،
نۇرلىرى دىللارنى ئىللىتىدىغان.

تارىخنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلىغاندا،
ئۇلۇغۋار خىسلىتى بولار نامايان.

ئۇ جەسۇر روھ بىلەن كەلدى يەتمىش يىل،
كۆپ مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ھامان.

يەتمىش يىل بوراندەك ئۆتتى ۋە لېكىن،
قالدۇردى مەڭگۈلۈك ئۆلمەس مۆجىزە.
گۈللىدى بۈرۈنقى نامرات بۇ ۋەتەن،
قاپلىدى باغرىنى گۈزەل مەنزىرە.

يوقالدى بۇرۇنقى زۇلۇم، ئېزىلىش،
يوقالدى تەڭسىزلىك، يوقالدى بېسىم.
يوقالدى يوقسۇزلۇق، بەختسىز كۈنپەت،
تارالدى ھەر يەرگە ئىللىق بىر ئېقىم.

ئۆملۈك ۋە ھەقىقەت بولدى ئاپىردە،
ئېگىلمەس ۋە سۇنماس شەمشادتەك گويا.
پارتىيە ياراتقان شان - زەپەر بىلەن،
جىلۋىدار ھۆسنىگە كىرمەكتە دۇنيا.

# كومموۇنىست

## غېنى رەشىد

پارتىيەم ئەبەدىي ئەلا بىر ئىنسان،
مەزلۇملار قەدرىنى كۆڭلۈگە پۈلكەن.
تۈنلەرنىڭ قېنىنى قېنىڭدا تىلغان،
ئاققۇزغان قانلىرىڭ شەپەققە كۆچكەن.

تارىختىن ئالىمىز شۇنداق تەسىرات:
سەن ماڭغان يول باشلاپ خۇددى دانكوسەن.
ئىرادەڭ ئالدىدا نېمە پىلسىرات!؟
ھەر توسقۇن كۆچۈڭدىن تىزلانغان، چۆككەن.

يىگانە بولمىدىڭ مەنزىلدە زىنھار،
بولغاچقا سېنىڭدە ئۆزگىچە سېھىر.
خەلقىڭنىڭ تىلىدىكى تىلىڭدا ئىزھار،
ھەر جايدا تۆكۈسەن ئۈنىڭغا مېھىر.

قىممەتلىك ھاياتىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەمەس،
يۈرىكىڭ ھەر ۋاقىت بىزگە تۇتۇلغان.
بىزلەردىن ئايرىلىپ ياشىشىڭمۇ تەس،
خەلقىڭ قوينىدا بېلىقسەن ھامان.

بىر باسقان ئىزىڭغا بىر گۈل تېرىساڭ،
مىڭ دەستە گۈللەرنى قىلىمىز سوۋغا.
ئاتقاندا سۈزۈلۈپ ھەر بىر گۈزەل تاڭ،
چىللىدىڭ دەيمىز - دە، يېڭى بىر تويغا.

كېلەچەك يولىدا مەزمۇت بىر قەدەم،
ئەگەشكەن ئۈنىڭغا مىليارلاپ يۈرەك.
تەبەسسۇم كۈلكىدە ھەر جان، ھەر ئادەم،
بەيگىڭنىڭ ئاتلىرى توسۇن ۋە يۈگرەك.

ئۇلاشقان بولسىمۇ يەتمىشكە يېشىڭ،
قىرانلىق چاغلىرىڭ باشلاندى ئەمدى.
شادلىقتىن ئاسمانغا تاقاشسۇن بېشىڭ،
تويۇڭ دەپ ھەممە ئادەم ياسىنىپ كەلدى.

# غەزەللەر

## ئابدۇكېرىم ئابدۇمەجىت دولانى

(1)

زوقۇم تاشتى كۈلۈپ كۆڭلۈم، باھاردا خۇشناۋا ئەيلەپ،
بېغىمدا رەڭمۇ - رەڭ چېچەك گۈزەللىكتىن جۇلا ئەيلەپ.
يېشىل لىباسقا ئالماشتى زېمىن ئاق يەكتىكى ئەمدى،
سابا ئەركىن سۆيۈپ چاپتى، دالا، تۈزنى پانا ئەيلەپ.

بۇگۈن بۇلبۇل كەبى سەنمۇ ھاپاجانغا تولۇپ سايرا،
يۈرەكتە ئىشقىڭ ئوت ئاتەش بولۇپ كۆيگەچ لاۋا ئەيلەپ.
تۈزەلدى قان يۈگۈرگەندەك ۋەتەنىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى،
ئۇلۇغ كومپارتىيە كۈتكەن ئۈمىدلەرنى بىجا ئەيلەپ.
يولۇقسا ھەر جاپا-مۇشكۇل، ھودۇقماي قىلدى كۇمپەيكۇم،
ئاۋانگارتلىق بىلەن ھەر چېلىشتا جان پىدا ئەيلەپ.
نىگان گۈلنىڭ سىياقىدا، تىكەنلەر ئۈنسە ئازگالدا،
بەلەن يول ئاچتى ئازغانىنى يۇلۇپ بىردىن ئادا ئەيلەپ.
دوقاللار ۋەھىمىسى تازقاپ يۈرۈش قىلدۇق كۆكۆل يايراپ،
زەپەرلەر مەلھىمىنى بىز جاراھەتكە داۋا ئەيلەپ.
يەنە دىلدىن ئۈنى كۈيلەپ، ئۇلۇغۋار بەيگىدە ئۆرلەپ،
ئۈنىڭ يولىدا ئۆرلەيمىز، ئۈمىدنى دىلغا جا ئەيلەپ.

(2)

شۇڭا كومپارتىيىمىزنى چېلىش مەردانىسى دەيمەن،
يۈرەكتە ئەلگە ئىشقى بار، ۋەتەن پەرۋانىسى دەيمەن.
ئۇنىڭ ئاۋازلىرى ھەرىكەت مىزانى بارچە مىللەتنىڭ،
شۇ بىرلەن كەڭ قۇچاق ئاچقان كۈرەشنىڭ غەلىبىسى دەيمەن.
كىمىكى ئىزدىسە مەڭگۇ بەخت قوينىدا يايراشنى،
ئۇنىڭ قولىغا - قول بەرسە شۇ قۇتنىڭ بەلگىسى دەيمەن.
ئۇنىڭسىز كەلدىمۇ ئامەت، كۆتۈرگەن بىز قاچان قامەت؟
ئۇ شانلىق بەيگىنىڭ دانا، گىگانت سەركەردىسى دەيمەن.

# پارتىيەم مەن سېنىڭ سادىق ئوغلۇڭمەن

مەڭلىك كېرەم

نەي ئۇلۇغ پارتىيەم، ئەزىز پارتىيەم،
ئىللىق مېھرىڭدىن نۇر ئەمدى دىلىم.
سېنى مەدھىيەلەپ ئېيىتسام كۈي - ناخشا،
چارچىماس ھەرگىز مېنىڭ بۇ تىلىم.

تارىخ بېتىدىن ئۆچمەيدۇ مەڭگۇ،
باسقان ھەر بىر غالىب قەدىمىڭ.
يازسام يىل بويى تۈگىمەس پەقەت،
غەلىبىلەر قۇچقان شانۇ - شۆھرىتىڭ.

ئەي ئۇلۇغ سۆيۈملۈك ئانا پارتىيەم،
شانلىق يىلىڭنى قاتتىم قوشاققا.
كۈيلىسەم سېنى تۈگىمەس مەڭگۇ،
ئايلانغاندەك قەلبىم بۇلاققا.

ئەي ئۇلۇغ پارتىيەم، ئەزىز پارتىيەم:
شانلىق تويۇڭغا مەدھىيە ئوقۇيمەن.
قىممىتىڭ، ھىممىتىڭ مەن ئۈچۈن قۇياش،
پارتىيەم مەن سېنىڭ سادىق ئوغلۇڭمەن.

# كوممۇنىستمەن

### ئىلھام ئاتاۋۇللا

كىچىكىمدىن ئۇماق، سەبى بالا ئىدىم،
چىن دىلىمدىن سۆيگەن قايناق ھاياتنى.
كومپارتىيە مېھرى بىلەن چوڭ بولدۇم،
ئىلىم - پەندىن ياساپ قەيسەر قاناتنى.

ئادالەتنىڭ شەمشىرىنى ئىزلىدىم،
ئۇنى قورال قىلىپ يانغا ئاسماقچا.
«دانكو» كەبى يۈرىكىمنى مەشئەل قىلىپ،
خەلقىمىزنى ئالغا باشلاپ ماڭماقچا.

كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن،
كوممۇنىستلىق بۇرچۇم ئادا قىلىمەن.
ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن ئۆزۈمنى،
ئەلگە ئاتاپ، ئەلگە پىدا ئېتىمەن...

# پارتىيەم سەن قۇياش، ئىللىق بىر سابا

### ئۆمەر مەتنۇرى

پارتىيەم سەن قۇياش، ئىللىق بىر سابا،
ھاياتلىق يولىغا چاچقان نۇر، زىيا.
سېنىڭسىز بۇ قەلبىم گويا گۆرىستان،
سەن بولغاچ نۇرلارغا تولغان بۇ دۇنيا.

پارتىيەم سەن قۇياش، ئىللىق بىر سابا،
ئۇغلۇڭغا ھەر ۋاقىت بولدۇڭ سەن سىرداش.
سەن مەشئەلدەك، شەبنەمدەك شۇنچە پاك ئۇماق،
سېخىيلىق بابىدا ھاتەمگە تەڭداش.

پارتىيەم سەن قۇياش، ئىللىق بىر سابا،
سەن ئادىل تارازا، ھەقىقىي يولباش.
گەر بولسا نۇر كانى سېنىڭچە بولماس،
سەن خەلق ئۈستىدە پارلىغان قۇياش.

# پارتىيىگە

### ئابلىز ھەسەن

پارتىيەم، سەن خەلقىمنىڭ پاسىبانى سەن،
شەرەپلىك تارىخىڭ سىغماس داستانغا.
سۆيۈملۈك ۋەتەنىمنىڭ ئىپتىخارى سەن،
ئايلاندى سەن بىرلە چۆللەر بوستانغا.

نەزمەمدە قۇتلۇقلاپ يەتمىش يىلىڭنى،
دېڭىزدەك مېھرىڭنى قىلىمەن ئىزھار.
چۆمدۈردۈڭ ئىلھامغا قايناق دىلىمنى،
سەن دەۋرىم رولچىسى، بەختى گۈل باھار.

سەن بولغاچ ئۇيۇلتاش ۋەتەن بىرلىكى،
ئاقماقتا يولۇڭغا قۇدرەتلىك ئېقىم.
سەن كەڭ خەلق بەختىنىڭ سۇنماس تۈۋرۈكى،
سەن بىرلە ۋەتەن، خەلق تىنچ-ئىناق، مۇقىم.

سەن خەلق ھايىلىقى، تاللىنىشى سەن،
كۈرەشتە يەتمىش يىل سىناقتىن ئۆتكەن.
پولاتنىڭ پىچەتكى تاۋلىنىشى سەن،
خەلق سېنى ئۆزۈڭدىن ئارزۇلاپ كۈتكەن.

باشلىدىڭ نۇر يولغا كۆزلەپ ئومۇمنى،
ئىزلىدىڭ ھەقىقەت ئىنسانىيەتكە.
ئېگىشىپ ساڭا مەن تاپتىم يولۇمنى،
سادىق مەن سەن تۈزگەن ھەققانىيەتكە.

پارتىيەم، سەن خەلقىنىڭ ئىپتىخارى سەن،
ئىسلاھات يولىنى قىلدىڭ سەن ئىجاد.
ئاۋانگارت سىنىپىنىڭ ئىقتىدارى سەن،
تاپماقتا سۆيگۈۋار خەلق سەندىن نىجات.

# نامىڭ ئۇلۇغۋار

ئابدۇللەھەت ھەسەن بارچۇقى

(مۇۋەششەھ)

پەۋقۇلئاددە خۇشاللىق بىزگە،
بۈگۈن بايرام قۇتلۇق توي كۈنى.
ھەممە سەپتە ئالقىش - تەنتەنە،
ناغرا، سۇناي، كانايلار ئۈنى.

ئاۋۇللاردا چاپار تۇلپار ئات،
قۇتلۇق كۈندە چۈشۈپ بەيگىگە.
كېپىنەكلەر ئۇسسۇل ئوينىشار،
قونۇپ گۈل ۋە چېچەك بەرگىگە.

رەڭدار لىباس كىيىپ كائىنات،
گۈل پۈركەيدۇ گۈلشەندە كۆكلەم.
گۈلتەكچىدە تايچاق سەكرىشىپ
قۇتلۇق كۈننى قۇتلايدۇ ئۆلكەم.

تۇمۇزغىنىڭ ئاۋازى ياڭراق،
دىلخانەمدە قۇتلۇق سىماسى.
قۇلۇنلارنى سەكرەپ ئويناتقان،
ئەل - يۇرتۇمنىڭ مېھرى - گىياسى.

ئېيخ، تەبىئەت ھۆسنۈڭ نۇر - زىيا،
تۇس ئېلىپسەن شەپەقتىن ھالرەڭ.
كۈيلەشكە ئەل، ھايات پەيزىنى،
ھېس - تۇيغۇنى ئۇرغۇتقان ئۆزۈڭ.

يېشىل ھايات كۆكلەم جىلۋىسى،
ھۆر ۋەتەنگە ياراشقان زىناق.
ئابىھايات، سۈت قېمىزلىرى،
ئەل چېھرىگە بېرىدۇ سىياق.

ئەشۇ سىياق، گۈزەل ھۆسنىنى،
بەردىڭ بىزگە ئۇلۇغ پارتىيەم.
كۈيلەپ يازسام ساڭا بىر قامۇس،
تۈگىمەيدۇ ئەشئار - مەدھىيەم.

مۇھەببىتىڭ چەكسىز بىر دۇنيا،
مىڭ ئانىنىڭ مېھرى بار سەندە.
ئېيخ، پارتىيەم سەن بىر زەر قۇياش،
ئەلگە غەمخان، ئەل ساڭا بەندە.

# ئۈچ شېئىر

قەھرىمان روزى

## كومپارتىيەم مېھرىدىن

پارتىيەمنىڭ شەپقىتى،
قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك.
يورۇتىدۇ دىللارنى،
يېنىپ تۇرغان چىراغدەك.

بىز ۋەتەننىڭ ئەۋلادى،
كېلەچەكتە ئۇچىمىز.
كومپارتىيە مېھرىدىن،
شانۇ - شەۋكەت قۇچىمىز.

## كومپارتىيە ئانامغا

ئاسمىنىمدا ئۆزۈك يىگانە،
دىلخانەمنى يورۇتقان قۇياش.
ماڭا ھايات بەرگەن سەن پەقەت،
كەچمىشىمدە تەلەپچان يولباش.

### تاڭ پەيتى

بايراقلار شىلدىرلىشىپ كۈلىشىدۇ،
قۇدرىتى پارتىيەمنىڭ سۆيۈندۈرگەچ.
گىرىمسەن يېتىم نۇرلار ئۈلىشىدۇ،
تاڭ پەيتى نۇر دېڭىزى يۇيۇندۇرغاچ.

بىر سېزىم ۋادا بويلاپ چېپىشىدۇ،
تامچە تەر ئىلكىدە زەر جولالىغاچ.
بوۋايلار ساقال سىپاپ كۈلۈشىدۇ،
قېرىتىپ يىللارنى تىك تۇرالىغاچ.

•

## پارتىيە شەنگگە

ئالىم ياۋا

پارتىيە ئانامسەن ئەزىز، مېھرىبان،
شەنگگە ياڭرايدۇ يۈرەكتىن ناخشام.
شۆھرىتىڭ، تۆھپەڭدىن دىلىم سۆيۈنۈپ،
بېسىلماس شادلىقىم سەھەر - ئاخشام.

پارتىيەم سەن كۆكتە چاقنىغان قۇياش،
ئەل ئۈچۈن بەخت - قۇت نۇرىنى چاچقان.
ئىتتىپاق - ئىناقلىق مەشئىلى بولۇپ،
خەلقىمگە ھۆر - ھايات يولىنى ئاچقان.

بۈيۈكسەن دۇنيادا تەڭدىشىڭ يوقتۇر،
قارايسەن ھەممىگە بىر ئوتلۇق كۆزدە.
چىن سۆيگۈ - رىشتىمنى باغلىدىم ساڭا،
كۆز قىرىم ئاغمايدۇ قەسەمكى ئۆزگە.

پارتىيەم ئەجرىڭدە كۈلدى ھاياتىم،
ئىجادىم گۈللىرى چاچتى خۇش پۇراق.
ئارزۇيۇم ۋەسلىنى تاپماقتا بۈگۈن،
مېھرىڭدىن يولۇمغا ياققاچ نۇر چىراغ.

پارتىيەم تۇتاشتۇر ساڭا دىل - رىشتىم،
سەن ئۈچۈن ياشىماق مەندىكى ئارمان.
ياڭرىتىپ بارىمەن بار ئىشقىم بىلەن،
پارتىيەم شەنگگە ناخشامنى ھامان.

## سەن بەخت شاھسەن ئانا پارتىيەم

ئەمەتجان قۇربان

ۋۇجۇدۇمدا بىر ئىللىق سېزىم،
يۈرىكىمدە شادلىق - ھاياجان.
مەن باقىمەن قۇياشلىق تاڭغا،
نۇر ئىلكىگە چۆمگەن كەڭ جاھان.
يۈرىكىمدە شادلىق - ھاياجان.

مەن قارايمەن يىراق - يىراققا،
ئەنە پارلاق نۇر چاچار قۇياش.
ئېيخ پارتىيەم مېھرى - شەپقىتىڭ،
دەيمەن: خۇددى قۇياشقا ئوخشاش.
ئەنە پارلاق نۇر چاچار قۇياش.

ئىقبالىمنى يورۇتتۇق نۇرلۇق،
سۆزۈك بولدى بەخت سەھىرىم.
ھاياتىمنى تاپقۇزدۇم مەنا،
دادىل بولغاچ باسقان قەدىمىم
سۆزۈك بولدى بەخت سەھىرىم.

ئارمانلىرىم يۈكسەكتۇر شۇنچە،
سەن بولغاچقا ماڭا كۈچ-دەرمان.
كۈچ-قۇدرىتىڭ تاغدىنمۇ بۈيۈك،
شۇڭا ھارماي ئاشىمەن داۋان،
سەن بولغاچقا ماڭا كۈچ-دەرمان.

تەڭدىشىڭ يوق، خىسلىتىڭ ئۇلۇغ،
ئەلىنىڭ ئۇتلۇق يۈرىكى ئۆزۈڭ.
تونۇشلۇقتۇر ھەممە-ھەممىگە،
ئېخ، پارتىيەم، ئابرويۇڭ-يۈزۈڭ،
ئەلىنىڭ ئۇتلۇق يۈرىكى ئۆزۈڭ.

سېنىڭ بىلەن كېلەچەك رەڭدار،
بەخت شاھى، ئانا پارتىيەم.
ياشنا يەنە، كامال تاپ ئەبەد،
ساڭا چەكسىز مېنىڭ ئەقىدەم،
بەخت شاھى، ئانا پارتىيەم.

## مۇبارەك پارتىيەم شانلىق تويۇڭغا

تۇرغۇن ئىمىن

مۇبارەك پارتىيەم شانلىق تويۇڭغا،
مىسرادىن گۈلدەستە تۇتاي سوۋغاتىچۈن.
جاپالىق مۇساپە باستىڭ ئۆمرۈڭدە،
خەلقىنىڭ بەختى ھەم تۇرمۇشى ئۈچۈن.

يەتمىش رەت شان تويۇڭ ئۆتتى بېشىڭدىن،
داۋاملىق چەبدەسسەن، غايەڭ بەكمۇ ئۈز.
پايانداز ياپقاچقا خەلقىڭگە مەڭگۈ،
خەلقىڭنىڭ قىشى يوق، بولار داۋام كۈز.

يەتمىش باھارنى تۈگەتتىڭ تولۇق،
پارتىيەم تەرىپىڭ يازسام تۈگىمەس.
خەلقىڭگە يولباشچى بولدۇڭ سەن داۋام،
دىللاردا قالدۇرغان ئىزلىرىڭ ئۆچمەس.

پارتىيەم يولۇڭدا مېڭىمەن مەڭگۈ،
«ئىسلاھات» تۇلپىرى چاپسۇن توختىماي!...
پايانداز سالىمىز تويۇڭغا چوقۇم،
قۇياشتا پارلىغان بولۇپ تولۇنئاي.

## ئىككى شېئىر

مۇھەممەت مۇسا

### پارتىيە مېھرىدىن سۆيۈندى دىلىم

چېكەمدىن تامچىلاپ قۇيۇلماقتا تەر،
ئاناردەك قىزارغان مەڭزىمنى بويلاپ.
ھەر تامچە تەرىمدە چاقنار ئۈنچە-زەر،
ئىلگىرىلەپ بارىمەن بەختىمنى ئويلاپ.
مەنزىلگە باشلىدى ئۇلۇغ پارتىيەم،
تەقدىمدۇر ئاڭا بۇ ئۇتلۇق قەسىدەم.

پارتىيە ئانامدۇر سادىق مەن ئاڭا،
پاك مېھرى جىسمىمغا سىڭدى بولۇپ قان.
تەسەددۇق بارلىقىم ئانامغا تامام،
ئانام بار قەلبىمدە كېزەر ھاياجان.
كىر دېسە يانمايمەن ئوت دېڭىزغا گەر،
ئۇ بەرگەن تەلىملەر دىلىمدا ئەختەر.

ئۇ بەرگەن بەختىنىڭ سۈردۈم پەيزىنى.
كۆڭلۈم ئۆتمەكتە ھەسەلدەك تاتلىق.
توققۇزۇم تەل بولدى غەمدىن خالاسمەن.
چېچەكلەپ گۈللىرى قايتىدىن ياشلىق،
پارتىيە ئىشىغا بارلىقىم تەقدىم،
ئەمەلگە ئاشماقتا دىلدىكى ئەھدىم.

ئەجرىمدىن يارالغان گۈزەل چىمەندە،
بۇلبۇل بوپ ئۇردۇم مەن بەھۇزۇر خەندان.
چىن يۈرەك سۆزۈمنى تىزىپ نەزمىگە،
يازدىم مەن ئانامغا سوۋغا قىپ داستان.
پارتىيە تويىنى مۇبارەكلەيمەن،
بايرىقى قولۇمدا ئالغا ئۆرلەيمەن.

## سەن بىلەن

(غەزەل)

پارتىيەم كەلدى يېنىپ ياشلىق باھارىم سەن بىلەن،
ئۇرغۇدى جىسمىمدا كۈچ-غەيرەت-مادارىم سەن بىلەن.

ئەمما ئىدىم كۆرمەس كۆزۈم، ئاچتىڭ ئۆزۈڭ لوقمان بولۇپ،
ئارزۇيۇم ئاچتى چېچەك چىن غەمگۇزارىم سەن بىلەن.

دەشتى-چۆلنى لالىزار قىلماق ئۈچۈن قان-تەر تۆكۈپ،
ئىشلىگەنتىم مەي بولۇپ پىشتى ئانارىم سەن بىلەن.

نەزىرىمدە ئەل-ۋەتەن، ئۇنتۇمىدىم ئۆمرۈمدە مەن،
شۇڭا بەختىم قوش مېنىڭ، سۆيدى نىگارىم سەن بىلەن.

قانىتىم پەن ۋە بىلىم ئۇچتۇم ساماغا بەھۇزۇر،
مۈشكۈلۈم بولدى ئاسان قەددى چىنارىم سەن بىلەن.

كىم دېسەڭ ئۇكيانغا گەر ئارقامغا باقماسمەن پەقەت،
سەكرەيمەن شۇ ھامان، بار ئېتىبارىم سەن بىلەن.

ئىسلاھاتقا ئەل-ئاۋام ئاتلاندى كۆكرەكلەر كېرىپ،
شان-زەپەرلەر كەلدى قولغا تىل تۇمارىم سەن بىلەن.

ئۇشبۇ قۇتلۇق بايرىمىڭنى كۈيلىسەم بۇلبۇل بولۇپ،
ياڭرىدى ئاسمان پەلەك تەمبۇر-ساتارىم سەن بىلەن.

# كومپارتىيە شەنىگە

ئابدۇرىشىت نىيازى

ئۇلۇغۋار پارتىيە 70-يىلىڭغا،
دىلىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن ساڭا.
سېنىڭدەك يولباشچى بولمىسا ئەگەر،
بۈگۈنكى بەختىمۇ يار ئەمەس ماڭا.
ئەگىشىپ ماڭىمەن پارتىيە ساڭا،
كۆرسەتكەن يولۇڭدىن تايمايمەن ئەبەد.
سېنىڭدىن نۇرلىنار بەختىم چولپىنى،
سېنىڭدىن ياغىدۇ بەخت-سائادەت.

# پارتىيىنىڭ شەپقىتى

قاسىم ھاپىز

پەلپۈگۈچتەك يېيىلغان پېتى،
تاغ كەينىدىن ئۆرلىدى زاۋال.
تاراتقانچە ئەتراپقا سالقىن،
دالىلارنى بېغىرلار شامال.

ئارىلاردىن توزىغانچە قىيپاش،
تېكەنلەرگە قونماقتا شامان؛
تاقىر يەرنىڭ يۈرجەكلىرىگە،
بۈغۈن كەبى چاچرىماقتا دان.

ئۆرلىمەكتە دانلار دولقۇنى،
چەش دۆۋىسى مىسالى بارخان؛
بارخانلارنىڭ چۆمكە شالىرىدە،
بارغانسېرى يۇتمەكتە خامان.

خامان گويا تۆگە ئۆركىشى،
تۈن باغرىدا تىنچىغان كارۋان؛
ئۇلتانلارنىڭ يورغىلا شېلىرى،
قۇيۇنلارنى ئەسلىتەر شۇئان.

گۈر - گۈر شامال توختىدى بىر پەس،
تىنچىپ قالدى خامانمۇ بىردىن؛
تاشلاپ قويۇپ گۈرجەكنى ئاتام،
يانپاشلىدى سامانغا ھارغىن.

مەنمۇ شۇدەم تىنغانچە ئۇلۇغ،
يانپاشلىنىشام ئاكا يانمۇ - يان؛
كۆز ئالدىمدا خۇددى بىر تاغدەك،
ئۆرلىگەنتى چەشلەردىن خامان.

كۆزلىرىنى يۇمغانچە ئاتام،
خىياللارغا بولماقتا غەرق؛
ماڭلىيىمدىن تەپچىگەن تەرلەر،
كىرپىكىمدە ئۇرار گويا بەرق،

باياۋاندەك تىمتاستۇر ئەتراپ،
يېنىك بىر تىن ئاڭلىنار پەقەت؛
تۈن باسماقتا تىۋۇشسىز قەدەم،
دالىلارنى قىلغانچە كۆزەت.

شۇندا ئاتام ئۇلۇغ بىر تىنىپ،
تىترەتتى لەۋ، تىترەتتى ساقال؛
— بەختىڭ كۈلسە ئېغىر كۈنلەرنى،
ئۇنتۇما، دەپ بار بىزدە ماقال.

خىرىس قىلاتتى ئۆلۈم،
ئۆلكىمىزدە ئاتمىغاندا تاڭ؛
شۇ كۈنلەردە قاچقۇن چېرىكلەر،
كەنتىمىزدە كۆتۈرگەن پوپاڭ.

ئۇ چاغلاردا كومپارتىيىمىز،
شەھەرلەرنى قىلغانتى ئازاد؛
قاچقۇن دۈشمەن يېزا - قىشلاقتا،
قۇترار ئىدى يەتسىمۇ سەكرات.

ئاي ئايدىڭدا، خاماندا بىر كەچ،
تۈنەپ قالدىم ساقلىغانچە چەش؛
سامانلاردىن ياساپ بىر تۆشەك،
ئۇخلاپ قالدىم دېگۈچە ھەش - پەش.

شېرىن بىر چۈش قالدى ئۈزۈلۈپ،
بىر تېپىكتىن ئويغاندىم چۆچۈپ؛
بىر ناگاننىڭ سۈرىدىن قورقۇپ،
ياۋ ئالدىدا ئولتۇردۇم چۆكۈپ.

شەرەت بىلەن تۇردۇم ئورنۇمدىن،
ئۆرۈلدۈم ھەم كۆتۈرگەنچە قول؛
تېپىكلەرنىڭ بىشارەتلىرى،
پەرمان بولۇپ باشلار ئىدى يول.

بىر دېڭىزنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ،
يېتىپ كەلدىم لېۋىدىگە يارىنىڭ؛
چەكچىيەتتى ئاستىمدا بىر ھاك،
ئەجەل مىسال ئاغزىدەك غارىنىڭ.

تەن - تېنىمگە ئۇلاشتى تىترەك،
قاڭقىپ چىقتى باغرىمدىن پەرياد؛
يوق ئىدى ھېچ ئۈمىدتىن دېرەك،
بولماقتىدى ياشلىقىم بەرباد.

ئۆكسۈمەكتە باغرىمدا يۈرەك،
سىرغىماقتا مەڭزىمدىن شەبنەم.
بوغۇزۇمنىڭ ئۆڭكۈرلىرىدە
يىلان كەبى يورغىلار ئەلەم.

ئۈمچەيمەكتە يۈمران لەۋلىرىم،
تېخى ئاڭا سۆيمىگەن بىر قىز؛
توسۇن ئاتتەك قىران بىر يىگىت،
ياۋ ئالدىدا پۈكەر ئىدى تىز.

ئىست، ئىست جان، ئەمگەكلىرىم،
ئىست ساڭا قاپارغان قوللار!
چەشلەر تاغدەك ئۆرلىگەن خامان،
چىلبۆرىلەر كۆكسۈڭدە ھۇۋلار!

قېنى سەن ئەي دىل سۆيگەن دىلبەر؟
تويلۇق ئۈچۈن ئالغانتىم خامان؛
ئۇندا ھۇقۇش سىلكىمەكتە پەر،
نېچۈن بىزگە كۈلمەيدۇ ئارمان؟

ئەنە، ماڭا بەتلەندى ناگان،
ياپ - ياش تۇرۇپ بەرمەكتىمەن جان؛
سوزۇلسا گەر ئۆمرۈم بىر قەرنە،
كۈلمەسمىدىڭ باغرىمدا **جانان؟**

ئېسىڭدىمۇ،
بالا چاغلاردا
«كۈشەك ياساپ»، «ئۆي تۇتار» ئىدۇق؛
مەڭزىڭدىكى زىننا قىلىرىڭدىن
يۈرىكىمگە ياغدۇراتتىڭ ئوق.

كونا تامنىڭ دالدىلىرىدا،
توپ - توپ بولۇپ ئوينار ئىدۇق «توي»؛
ئاق قوشقاچنى بوغۇزلار ئىدۇق،
«تويىمىز» غا ئۆلتۈرگەن بوپ «قوي».

كىرەر ئىدىم لاچىندەك شۇڭغۇپ،
مۆكۈۋالساڭ، تەۋرىسە قوناق؛
ئەي، سەن مېنىڭ بەكباش قۇرغۇيۇم،
يۈرىكىمنى قىلغانتىڭ قونداق!

مانا ئەمدى بەرمەكتىمەن جان،
بۇزۇلماسمۇ چۈشلىرىڭ شۇدەم؛
كۆزلىرىڭدىن تامچىماسمۇ قان،
يار تۇۋىدە قادالسا ئەلەم؟

باغلار ئارا سولماسمۇ چېچەك،
تىنچىپ قالسا بىز سۈرگەن چوقان؟
بەختىمىزگە نېچۈن ئەي دىلبەر،
تۇن باغرىدىن كۆز قىسماس چولپان؟

خىيال ئىچرە قايماقتا بېشىم،
كۆزلىرىمگە دېۋەيلەر ناگان؛
سوزۇلماقتا تەپكىگە بارماق،
ھەلقۇمىمغا كېلىپ قالدى جان.

ئايرىلدۇ كەتمەندىن قوللار،
تەر ئورنىغا چىقار تەندىن قان؛
ئېتىزلاردا قالدۇ توختاپ،
ئېگىسىدىن ئايرىلغان ساپان.

خامان تەپكەن گۇناھى ئۈچۈن،
بوغۇزىدىن ئايرىلار كالا؛
بىز بىر ئۆلسەك، تىرىكلەر يەنە،
مىڭ ئۆلۈمگە بولار مۇپتىلا،

شىۋىرغاندەك ھۇشقىرتقان بىر ئوق،
تون باغرىدا ئۆتتى يالتىراپ؛
يېنىمغىلا يىقىلدى بىر ياۋ،
جان ئۈزگەنچە ئاچچىق چىرقىراپ...

خامان ئۈزرە پاشىلاندى سۈرەن،
دانلار ئارا يامرىماقتا قان؛
تۇرغىنىمدا داڭ قېتىپ، تەۋرەپ —
قورشاپ كەلدى جۇپ يۇلتۇز شۇئان.

ھەيرانلىقتا چەكچەيدى كۆزۈم،
كۆرۈپ قالغاچ يۇلتۇزنى يەردە؛
يۇلتۇزلاردىن ھۈركىگەن ئەجەل،
يۈزلىرىگە تارتماقتا پەردە.

تەشۋىشلەردىن قۇتۇلغان تېنىم،
ھاياجاندىن تىترىندى غال - غال ...
ئۈمىدلىرىم چاقنىدى بىردىن،
ئالدىمدىكى يۇلتۇزلار مىسال.

لەۋلىرىمگە كەلمەي قالدى گەپ،
يۇلتۇزلارغا تىزلاندىم خۇشال؛
شادلىق سېنى ساراڭمۇ قىلغاي،
گۆر ئاغزىدىن قايتساڭ ئېھتىمال.

يۇلتۇزلارغا تىزلاندىم خۇشال،
يۇلتۇزلارمۇ پەسلىدى ماڭا؛
قوللار مېنى تۇرغۇزدى يۆلەپ،
كۆز ئالدىمدا پەرىشتە سىما.

كۈلەر يۇلتۇز دىلبەر لېۋىدەك،
سۆيدۈم ئۇنى يېنىمشلاپ شۇئان؛
كىم سۆيمىسۇن پەسلىسە يۇلتۇز،
بەرسە ساڭا يېڭىباشتىن جان؟!

يۇلتۇزلارنىڭ چاڭ قونغان يۈزى،
ياشلىرىمدا كەتتى يالتىراپ؛
خامان قايتتى قاداق قوللارغا
بىر جۇپ يۇلتۇز چەككەچ ئىزتىراپ.

باشلىرىغا يۇلتۇز قونغانلار،
جالالاتلارنى ئەيلىدى يەكسان؛
كەنتىمىزگە جايلاشتى تىنچلىق،
يۈرەكلەردە كۈيلىنىپ داستان.

قايتار چاغدا جان بەرگەن قاياش،
يۇلتۇزنى قىلدى يادىگار؛
توي ئۆينىدۇق خاماندا دەرھال،
خەندان ئۇردى باغرىمدا نىگار.

توي كېچىسى باسمىسۇن دەپ نەس،
قويۇپ ياتتىم يۇلتۇزنى باشقا؛
خوپ ياراشتى ئۆيۈمگە يۇلتۇز،
ياراشقاندەك ئاتلارغا قاشقا.

تەلمۈرىمەن ئاسمانغا ئانچە،
ئۆيۈم بولغاچ يۇلتۇزغا ماكان؛
بەخت مەندىن قاچسىمۇ قانچە،
يۇلتۇز بەردى تاپماققا ئىمكان.

ئۆيۈم بولغاچ يۇلتۇزغا ماكان،
تەشتىكىمدە ئاينىدى چېچەك؛
يۇلتۇز بەرگەچ ماڭا قايتا جان،
ھاياتىمدا كۈلدى كېلەچەك.

يۇلتۇزلارنىڭ شەلپەر چېھرىدە
تەلەي كۈلەر، كۈلەر بۇ ئالەم؛
يۇلتۇزلاردىن رەڭ ئالغاچقا، رەڭ،
باغلىرىمدا سولمايدۇ لالەم.

نىگارىمنىڭ شەلپەر مەڭزىگە،
يۇلتۇزۇمنى قىلىمەن تەققاس؛
شەلپەر رەڭلىك سەھنىدە، بەختىم،
ئۇسسۇل ئوينار بولۇپ بىر رەققاس...

شۇندىن بىرى پارتىيە مېھرى،
ھەمراھ بولدى ماڭا ھەرمىنۇت؛
پارتىيەسىز بولماس بەختىمىز،
بۇ ھەقىقەت ئېسىڭدە چىڭ تۇت.

پۈتتى قىسسە يۇلتۇز ھەققىدە،
ئاتام يەنە بولۇپ قالدى جىم...
چانىقىمدا لۆمۈلدەپ ياشلار،
كىرپىكىمدىن سىرغىدى تىم - تىم.

ئاي ئۆرلىدى ئاسمانغا شۇدەم،
كۆل يۈزىدە ئۈزگەن كەبى غاز؛
ئوغۇز رەڭگە بولغانچە مەپتۇن،
ئىلھام قۇشى ئەيلىدى پەرۋاز.

سۈتتەك ئايدىڭ، ئوغۇزرەڭ ئاسمان،
شەلپەر رەڭدىن يۇيۇنغان مىسال؛
ئاقۇش تونىنى يېپىنار ئاسمان،
يۇلتۇزلارغا تويۇنغان مىسال.

پۈتتى قىسسە، ئۆڭدى شەلپەررەڭ،
تىنچىپ قالدى ئوغۇزرەڭ ساقال؛
سۈس ئاقىرىپ كۆرۈندى ئۇپۇق،
يېڭىباشتىن ئۆرلىدى شامال.


تۇردى ئاتام قەددىنى رۇسلاپ،
ئالقىنىدا ئوينىدى كۈرجەك؛
دانلار گويا تۇرنا قاتارى،
خامان ئۈزرە يايماقتا ئېتەك.

ياشا دېدىم ئۇلۇغ پارتىيە،
ئەمگەكچىگە سائادەت بەرگەن!
سەن يولباشچى ئۇزۇن سەپەردە،
گۈللىنىشكە كاپالەت بەرگەن.

سەن بولغاچقا ئۇلۇغ پارتىيە،
ئەمگەكچىگە خاس بولدى خامان؛
سەن بولغاچقا نېنىمىز پۈتۈن،
سەن بولغاچقا گۈللىدى ئارمان.

سەن بىزلەرگە ئۈمىد يۇلتۇزى،
ئەمگەك دەۋرى بۇ گۈزەل دەۋران؛
سەن بولغاچقا ئاپەتلەر يۈتتى،
خامانلارنى سوقالماس بوران.

شۇڭا سېنى كۈيلەپ پارتىيە،
يازساق پۈتمەس تۈمەنلەپ داستان؛
لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ مەڭگۈ،
بەختىمىزگە بېرىپ كەڭ ئىمكان.




يەرلىك ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى تۇرپاندا



خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا قاتناشقان بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار

ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى




《天尔塔格》文学双月刊

1991年第4期

«تەڭرىتاغ» قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى

(1991 - يىل 4 - سان)

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电　　话：218897邮政编码：830002
封　　面：新疆新华印刷厂制版印刷
印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂
国内统一刊号CN65－1012/1
邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002
مۇقاۋىسىنى ئىشلىگۈچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 - 1012 / 1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 83

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن